
بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

## المسلم الصيني



سان 2

1999

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة



سەئۇدى ئەرەبىستانى رىياز شەھىرىنىڭ ئەمىرى شاھزادە سەلمان ئىبنى ئابدۇلئەزىز باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ئۆمىكى 4-ئاينىڭ 20-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى ۋەن ياۋبىن، ما شيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، ما يۇنفۇ، شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار ۋە ئىسلام جەمئىيىتى خادىملىرى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئۇستاز-تالىپلىرى مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ كۈتۈۋالدى.




1999-يىللىق ھەج ئۆمىكى ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىش ئالدىدا، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى يۈسۈف مۇھەممەد ئەل مەدانى قاتارلىقلار بېيجىڭ ئايرودرومىغا چىقىپ، جۇڭگو ھەج ئۆمىكىنى ئۇزىتىپ قويدى.



1999-يىللىق ھەج خىزمەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇئاۋىن باشلىقلىرى ھاپىز نىياز، روزى ئىبراھىملار جۇڭگونىڭ جىددە مۇبارەك شەھىرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئەلى لى جىنرىننىڭ ھەمراھلىقىدا، 4-ئاينىڭ 4-كۈنى ھەج ۋازارىتىدە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھەج ۋەزىرى مەھمۇد بىننى مۇھەممەد سەفەرنى زىيارەت قىلىپ، جۇڭگو ھاجىلىرىنىڭ ھەج پەرزىنى ئوڭۇشلۇق ئادا قىلىۋېلىشىغا سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكىگە تەشەككۇر ئېيتتى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى.

# ئۆزىنى چوڭ تۇتماسلىق، كەمتەر بولۇش توغرىسىدا

*”سەن زېمىندا مەغرۇرانە يۇرمىگىن، (ھاكاۋۇرلۇق-تىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن، (ھەرقانچە گىدەيگىنىڭ بىلەن) ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن“*
(17-سۈرە «بەنى ئىسرائىل (ئىسرا)»، 37-ئايەت).

”كەمتەر، نامسىز ئادەمنىڭ ھەرقاندىقى ئەھلى جەننەت بولىدۇ، ئۆزى قوپال، ئاسىي ۋە تەكەببۇر ئادەمنىڭ ھەرقاندىقى ئەھلى دوزاخ بولىدۇ“ (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

”كىمكى ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، غادىيىپ ماڭىدىكەن، ئاللا ئۇنىڭغا دەرغەزەپ بولغان ھالدا مۇلاقات بولىدۇ“ (ھاكىم رىۋايەت قىلغان).

”كىمكى ئۇنىڭ قەلبىدە زەررە چاغلىق كىبىر بولىدىكەن، ئۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ، كىبىر دېگەن ھەقنى كۆزگە ئىلماسلىق، كىشىلەرنى كەمسىتىشتۇر“ (مۇسلىم رىۋايەت).

”ئاللا ماڭا كەمتەر بولۇشۇڭلارنى ۋەھيى قىلدۇكى تاكى بىر ئادەم ئىككىنچى ئادەمنى كەمسىتمىگەي، بىر ئادەم ئىككىنچى ئادەمگە پەخىرلەنمىگەي“ (ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان).

# مۇندەرىجە


## ئالاھىدە خەۋەرلەر

لى رۇيخۇەن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار رەھبەرلىرى بىلەن باھار بايرىملىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى ………………………… ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (4)

سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى رىياز شەھىرىنىڭ ئەمىرى شاھزادە سەلمان ئىبنى ئابدۇلئەزىز جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى………… ئادىلجان (6)

شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ يۇگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىمىزنى بومباردىمان قىلغانلىقى يۈزىسىدىن مەملىكىتىمىزدىكى بەش چوڭ دىنىي تەشكىلات بىرلىكتە ئېتىرازنامە ئېلان قىلدى ………………………… ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (7)

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىكىلەر ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ۋەھشىيانە قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلىدى ………………………… ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (8)

## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

مۇسۇلمانلاردىكى قېرىنداشلىق ۋە ئىتتىپاقلىق توغرىسىدا ………………… ياقۇپ ھەمدۇللا (9)

ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرز ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك ………………… يۈسۈپجان ئابدىن (16)

ئىسلام دىنى، كائىنات ۋە مۇقەددەس سان "يەتتە" ………………… مۇختارجان ياقۇپ (24)

## «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشى ھەققىدە ………………………… نەزىرە مۇھەممەت سالىھ (27)

مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ «قۇرئان كەرىم»دە بەلگىلەنگەن ھوقۇقلىرى ھەققىدە ………… راخمان نىياز (34)

## ۋەز-تەبلىغ

ئاتا-ئانىلارنىڭ ئىسلام دىنىمىزدىكى ئورنى ………………………… ئابدۇخالىق ئالىم (38)

ئەۋلادلارغا كۆيۈنۈش توغرىسىدا ………………………… مۇھەممەت ئىمىن ئابلىھېكىم (42)



جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

CHINA MUSLIM

(پەسىللىك ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى

تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

باش مۇھەررىر: شەمشىدىن ھاجى

تەكلىپلىك مۇھەررىر: رىشىت ھاجى ۋاھىدى

تېخنىكا تەھرىرى: ئابلىز قاسىم

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ھاجى ۋاھىدى

باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى

تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ)

پوچتانومۇرى: 100053 تېل: (010)63513181

شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن كوچىسى 119-قورۇ پوچتانومۇرى: 830001 تېل: (0991)2566193

主　　办：中国伊斯兰教协会

编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部

主　　编：夏米西丁哈吉

特聘编辑：热西提哈吉・瓦依提

技术编辑：阿布力孜・卡斯木

封面设计：哈吉瓦依提

印　　刷：中央民族大学印刷厂

发行订阅：《中国穆斯林》维文编辑部

(北京市宣武区南横西街 103 号)

邮政编码：100053 电话：(010)63513181

新疆发行站：乌鲁木齐延安路 119 号

邮政编码：830001 电话：(0991)2566193

### ئىسلام ئەدەب-ئەخلاقى

ئىسلامدىن ئېغىشمايلى —"ئى"، "ئې"غا ئېتىبارلانغان ئىلتىجانامە ................ ئابدۇلېتىپ مامۇت (47)

### مەسچىت ۋە مەدرىسلەر

لۈكچۈن "جاھاننامە" مەدرىسى ۋە "خانلىق" مەدرىسى توغرىسىدا ........................ شېرىپ خۇشتار (48)

### ئالىم ۋە ئۆلىمالار

قىرغىز خەلقىدىن چىققان مەرىپەتپەرۋەر ئۆلىما ھۈسەيىن ھاجى داموللام ................ شەمشىدىن ھاجى (51)

### خەلقئارالىق دوستانە بېرىش-كېلىشلەر

مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد سالىھ ھاجىم ماراكەش پادىشاھى ھەسەن I نىڭ رامىزانلىق لېكسىيە يىغىنىغا قاتناشتى ... ئادىلجان (54)

تۇنىسنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ... چاڭ چىڭلياڭ (54)

### تۇھپىكار دىنىي زاتلار

تۇرپان شەھىرى، پىچان، قاراشەھەر، مارالبېشى ۋە ئاۋات ناھىيىلىرىدىكى تۇھپىكار دىنىي زاتلار ................

................ شاھمەردان ئىمىنىياز، كېرەم روزى، ئوسمان تۇرسۇن، ئوسمانجان بارات، ئەلقەم ھۈسەن (55)

### ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

ئاۋات، مورى، كەلپىن ۋە بۈگۈر ناھىيىلىرىدىكى ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار ................

................ تۇرسۇن ھېقىل ۋە ھەسەن ئوسمان، ياقۇپ ھەمدۇللا، سەمەت دالى، تۇيغۇن ئابدۇرەھىم (56)

### ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

1999-يىللىق جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى جۇڭگو ھاجىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ،

ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى ................................ ئادىلجان (58)

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيتلىق زىياپەت بەردى ................ ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (59)

قاغىلىق ناھىيىسىدە دىنىي ۋەزىپىدىكى ياشلار تەربىيىلەندى ................ سىدىق تۇردى، ئىگەمبەردى چاۋار (60)

### خەۋەرلەر

جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى قۇربان ھېيتلىق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى

................................ ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (60)

9-نۆۋەتلىك تۈركىي تىللار ئىلمىي تەتقىقات يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى ........ ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (61)

بىڭتۇەننىڭ دىنىي ئىشلار خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمەكتە ................ ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (61)

بىڭتۇەن 53-تۇەندىكى بىر قىسىم مۇسۇلمان ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى ...... ھەسەنجان قارىي (62)

ئۇنسۇ ناھىيىسىدە "بەشتە ياخشى" مەسچىت ۋە دىنىي زاتلار تەقدىرلەندى ........ ئەسقەر قۇسىين (62)

دىنىي پائالىيەت سورۇنى ئىللىقلىق يەتكۈزدى ................ غېنى تۇردى (62)

ئوسمان ھاجىنىڭ يىللىق ساپ كىرىمى 100 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى ................

................................ ئوسمانجان بارات، ئارزۇگۈل رىشت (63)

ئالاغىر يېزىسىدا توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئاددىي ئۆتكۈزۈلدى ................ ئوسمانجان بارات، ئارزۇگۈل رىشت (63)

پەزىلەت ئىنكىسى ................................ ھەسەنجان قارىي (46)

114 ياشلىق ئۆمۈر چولپىنى ھاشىم بوۋاي ................................ ئابدۇۋەلى ئەخمىدى (63)

### ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى

ژۇرنىلىمىز ئىشتانچىلىرىغا تەشەككۈر ................ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (64)

مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: تۇرپاندىكى ئىمىن ۋاڭ مۇنارى. (ماي بوياق رەسىم) ................ ئىمىن ھاسىل سىزغان.

★ 1999-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى ★

# لى رۇيخۇەن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار رەھبەرلىرى بىلەن باھار بايرىمىلىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى

——باھار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن باش شۇجى جياڭ زېمىنغا ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنى مۇبارەكلىدى.

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لى رۇيخۇەن 2-ئاينىڭ 10-كۈنى مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرىنى جۇڭنەنخەيگە تەكلىپ قىلىپ، باھار بايرىمىلىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

لى رۇيخۇەن ئالدى بىلەن باھار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن باش شۇجى جياڭ زېمىنغا ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنى تەبرىكلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئۆتكەنكى بىر يىل ئىچىدە، ھەرقايسى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي زاتلار دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى كەڭ ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئاتلاندۇردى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغدىدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈردى ھەمدە كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش داۋامىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى. مەملىكىتىمىزدە نۆۋەتتىكىدەك ئىتتىپاق، مۇقىم، توختىماي راۋاجلىنىش ۋەزىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى كەڭ ئاممىنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

لى رۇيخۇەن مۇنداق دېدى: 1999-يىل ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك بىر يىل، دىنىي زاتلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى كەڭ ئاممىنى يېتەكلەپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، ۋەزىيەتنى داۋاملىق تۇردە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئارزۇ قىلىۋاتقان نىشاننى بويلاپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

لى رۇيخۇەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە دىنىي ساھەدىكىلەر پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلىشى كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش داۋامىدا، بىز دىنىي ساھەدىكى دوستلار بىلەن بىرلىكتە، دىننى

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەش جەھەتتە ئاكتىپ ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردۇق ۋە پايدىلىق ئۇنۇم ھاسىل قىلدۇق. مەسىلەن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ساھەدىكىلەر قانۇننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداش، خەلق مەنپەئىتىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش كېرەك دېگەن بۇ تۆپ تەلىپىمىز دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى كەڭ ئاممىنىڭ ئومۇمىي تونۇشىغا ئايلاندى؛ يەنە مەسىلەن، ھەرقايسى دىنلارنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىدىكى ئەدەب-ئەخلاق جەھەتتىن تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان، يامان ئىشلاردىن ساقلىنىپ، ياخشى ئىشلارنى نامايان قىلىش، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش، خەلققە بەخت-سائادەت يارىتىش دېگەندەك مەزمۇنلارنى قېزىپ، رەتلەپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ئۇنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇش خىزمىتى كىشىنى خۇشال قىلارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

لى رۈيخۇەن مۇنداق دېدى: ھەرقايسى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلاردا ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈش، يېڭى-كونا رەھبەرلەرنىڭ ئالمىشىشىنى بېجىرىش ۋەزىپىسىمۇ بار. دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئوتتۇرا ياش ۋە ياش دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئەتراپلىق ئۆستۈرۈپ، جۇڭگودىكى دىنىي ساھەدىكىلەرنى 21-ئەسىرگە يېڭى قىياپەتتە قەدەم بېسىشقا مۇۋەپپەق قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد، دۆلەت كومىسسارى، گوۋۇيۈەننىڭ باش كاتىپى ۋاڭ جۇڭيۈ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جاۋگولار سۆھبەتتە بىللە بولدى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى دېجۇ، دۆلەت دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شياۋۋېنلارمۇ سۆھبەتكە قاتناشتى. مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن: مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى جاۋ پۇچۇ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو خرىستىئان دىنى ئۈچ ئۆز ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ھەيئىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى، جۇڭگو خرىستىئان جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى دىڭ گۇاڭشۈن ۋە جۇڭگو خرىستىئان دىنى جەمئىيىتى، جۇڭگو كاتولىك دىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇيۇشمىسى، جۇڭگو كاتولىك دىنى ئېپىسكوپلار ئۆمىكى، جۇڭگو تويىن دىنى جەمئىيىتى، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ رەئىس ۋە بىر بۆلۈك مۇئاۋىن رەئىسلىرى تەكلىپكە بىنائەن سۆھبەتكە ئىشتىراك قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن، مۇئاۋىن رەئىسلار ما شيەن، ھاجى ئەكبەر، شې شىگلىن، شەمشىدىن ھاجى، مەسلىھەتچى ھاجى ئىلياس شىن شياشىلار تەكلىپكە بىنائەن سۆھبەتكە قاتناشتى. يىغىن ئاخىرىدا، لى رۈيخۇەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن سۆھبەت قاتناشچىلىرىغا زىيابەت بەردى.

# سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى رىياز شەھىرىنىڭ ئەمىرى شاھزادە سەلمان ئىبنى ئابدۇلئەزىز جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى

بېيجىڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگوغا رەسمىي زىيارەتكە كەلگەن سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى رىياز شەھىرىنىڭ ئەمىرى شاھزادە سەلمان ئىبنى ئابدۇلئەزىز ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 4-ئاينىڭ 20-كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ مو، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى يۈسۈف مۇھەممەد ئەل مەدەنىنىڭ ھەمراھلىقىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە زىيارەتتە بولدى. جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن نوئمان ما شيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجى مەھمۇد، جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى ياڭ تېلى، ما جۇڭجېي، جۇڭگو ئىسلام ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ياڭ زۇڭشەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى خەلقئارا بۆلۈم مۇدىرى ئۇستافا ياڭ جىبو، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋېن جيەن، ئادىل ھاجى كېرەم قاتارلىقلار، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى خادىملىرى، جۇڭگو ئىسلام ئىنىستىتۇتىنىڭ ئۇستاز-تالىپلىرى داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

ۋەن ياۋبىن ئالدى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگودىكى 20 مىليون ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا ۋاكالىتەن مۇقەددەس زېمىندىن كەلگەن مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، شاھزادە سەلمانغا جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋە جۇڭگو ئىسلام دىنى ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى ھەمدە شاھزادە سەلماننىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى ئىككى دۆلەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ، دەپ تەكىتلىدى.

شاھزادە سەلمان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلالىغانلىقىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ: سەئۇدى ئەرەبىستانى «قۇرئان كەرىم» نازىل بولغان جاي، مەككەمۇكەررەمەدىكى بەيتۇللا پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يۈزلىنىدىغان قىبلىسى ۋە ھەج تاۋاپ، ئىبادەت قىلىدىغان نىشانى، شۇڭا بىزنىڭ بارلىق مۇسۇلمانلارغا خىزمەت قىلىش بۇرچىمىز ۋە مەسئۇلىيىتىمىز بار. بىز مۇسۇلمان ئىكەنمىز، چوقۇم گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەت بىلەن باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشىمىز كېرەك، ھەقىقىي ئىسلام دىنى تەئەسسۇپلۇقىقا (چېكىدىن ئاشقان ھەرىكەتلەرگە) قارشى تۇرىدۇ، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ۋە ھەدىس شەرىپتە ئىسلام دىنىنىڭ مادارا-مۇرەسسە يولىنى (ئوتتۇرا ھال ھالەتنى) تەشەببۇس قىلىدىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنىنى سۆيىدىغان، دىنىنى سۆيىدىغان، ۋەتىنىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تۆھپە قوشىدىغان بولۇشى كېرەك، دېدى. سەممىي ۋە قىزغىن سۆھبەتتىن كېيىن ئىككى تەرەپ سوۋغات-سالام ئالماشتۇرۇشتى.

شاھزادە سەلمان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يەنە جۇڭگو ئىسلام ئىنىستىتۇتىنى زىيارەت قىلىپ، ئىنىستىتۇتنىڭ تولۇق كۇرسى سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان تالىپلارنىڭ دەرسخانىدىكى ئۆگىنىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئۇ تالىپلار ۋەكىلىنىڭ ئەرەب تىلىدا سۆزلىگەن قارشى ئېلىش سۆزى ۋە قىرائىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىدىن مەمنۇن بولدى. مېھمانلار يەنە جۇڭگو ئىسلام ئىنىستىتۇتىنىڭ كۇتۇپخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئاخىردا شاھزادە سەلمان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى جەمئىيەت بىناسى ئالدىدا جەمئىيەت رەھبەرلىرى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

(ئادىلجان)

## شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ يۇگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىمىزنى بومباردىمان قىلغانلىقى يۈزىسىدىن

# مەملىكىتىمىزدىكى بەش چوڭ دىنىي تەشكىلات بىرلىكتە ئېتىرازنامە ئېلان قىلدى

جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتى، جۇڭگو تاۋىزىم دىنى جەمئىيىتى، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى، جۇڭگو كاتولىك دىنىي ۋەتەنپەرۋەرلىك جەمئىيىتى، جۇڭگو كاتولىك دىنىي ئېپىسكوپلار ئۆمىكى، جۇڭگو خىرىستىئان دىنىي جەمئىيىتى ئۈچ ئۆز ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ھەيئىتى ۋە جۇڭگو خىرىستىئان دىنى جەمئىيىتى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ تەپتارتماستىن مەملىكىتىمىزنىڭ يۇگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنى باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىلەن بومباردىمان قىلغانلىقىدەك ۋەھشىيانە قىلمىشىغا قارىتا 5-ئاينىڭ 8-كۈنى بىرلىكتە ئېتىرازنامە ئېلان قىلدى.

ئېتىرازنامىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: مەملىكىتىمىزدىكى بەش چوڭ دىنىنىڭ مەملىكەتلىك تەشكىلاتلىرى جۇڭگودىكى يۈز مىليوندىن ئارتۇق مۇخلىسلارغا ۋاكالىتەن، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ تەپتارتماستىن مەملىكىتىمىزنىڭ يۇگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنى باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىلەن بومباردىمان قىلغانلىقىدەك ۋەھشىيانە قىلمىشىغا قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرىدۇ. بىرقانچە ئون كۈندىن بېرى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ تەپتارتماستىن ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە بىر دۆلەتنى ئەسەبىيلەرچە قالايمىقان بومباردىمان قىلغانلىقى، ئەڭ ئىلغار قوراللار بىلەن كۆپلىگەن بىگۇناھ خەلقنى قىرغىن قىلغانلىقى مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى دىن ئېتىقادچىلىرىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغانىدى. ئەمدى كېلىپ، يەنە ھېچ ئەيمەنمەستىن ۋىجدانسىزلىق بىلەن ئەسەبىيلىشىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ يۇگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا ھۇجۇم قىلغانلىقى كىشىلەرنى چۆچۈتىدىغان ۋە ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان ئىش بولدى. دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا قوپاللىق بىلەن تاجاۋۇز قىلىشتەك بۇنداق ياۋۇزلۇق قىلمىش جۇڭگو خەلقىگە قىلىنغان ئېغىر ئىغۋاگەرلىك، شۇنداقلا دۇنيادىكى تىنچلىقنى قىزغىن سۆيىدىغان بارلىق خەلققە قىلىنغان ئېغىر ئىغۋاگەرلىكتۇر.

ئېتىرازنامىدە مۇنداق دېيىلگەن: بىز، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارادىكى ئەھدىنامىلەرنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، بۇ ۋەقەنى تۇغدۇرغان ئۇرۇش جىنايەتچىسىنى قاتتىق جازالىشىنى؛ يۇگوسلاۋىيىنى بومباردىمان قىلىشنى دەرھال توختىتىپ، بۇنداق ۋەھشىي، جىنايى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى دەرھال، شەرتسىز ئاخىرلاشتۇرۇشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىمىز. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارالىق مىزانغا ئاشكارا خىلاپلىق قىلىش، دۇنيا تىنچلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىشتەك قىلمىشى پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق ۋىجدانلىق، ھەققانىيەتچى كىشىلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ، سىلەر دەرھال جاللاتلىق قىلىچىڭلارنى تاشلاڭلار، تولا ئادالەتسىزلىك قىلساڭلار ھالاكەتكە مەھكۇم بولىسىلەر.

ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ بۇ جىنايى قىلمىشىنى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار بىرلىكتە ئاچقان سۆھبەت يىغىنىغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرىدىن ۋەن ياۋبىن، ما شيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، شەمشىدىن ھاجىلار قاتناشتى ۋە پىكىر بايان قىلدى.

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىكىلەر ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ۋەھشىيانە قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلىدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ 5-ئاينىڭ 8-كۈنى ئەتىگەندە مەملىكىتىمىزنىڭ يۇگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنى بومباردىمان قىلىپ، ئۈچ نەپەر مۇخبىرىمىزنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقى، 20 نەچچە نەپەر خادىمىمىزنى يارىدارلاندۇرغانلىقى ۋە باش ئەلچىخانىمىز بىناسىنى خانەۋەيران قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بارلىق خادىملىرى ۋە جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئۇستاز-تالىپلىرى، سۆھبەت يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈپ، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى كەسكىن باياناتىنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ بۇ خىل رەزىل ۋە ۋەھشىيانە تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشىغا قاتتىق غەزەپلەندى ۋە ئۇلارنى كەسكىن ئەيىبلەپ، جۇڭگودىكى 20 مىليون مۇسۇلماننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك يۈرەك ساداسىنى ئىپادىلىدى. 5-ئاينىڭ 11-كۈنى يەنە جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپلىرى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىپ، نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئامېرىكىنىڭ بۇ جىنايى قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلىدى ۋە ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا جۇڭگو تالىپلىرىنىڭ ئېتىرازنامىسىنى تاپشۇردى.

---

(بېشى 26-بەتتە)

7. يامغۇردىن كېيىنكى ھەسەن-ھۈسەن يەتتە خىل رەڭلىك نۇردىن ئىبارەت.

8. ئاساسلىق رەڭ يەتتە خىل. بۇلار: 1) قىزىل، 2) ئاق، 3) قارا، 4) سېرىق، 5) يېشىل، 6) كۆك، 7) بىنەپشە.

9. ماددا يەتتە خىل ھالەتتە ئۇچرايدۇ: 1) قاتتىق ھالەت، 2) سۇيۇق ھالەت، 3) گاز ھالەت، 4) ئىئون ھالەت، 5) نېترون ھالەت، 6) مەيدان، 7) ئانتى ماددا.

10. ئالىملار ئېنىقلىغان يۈز خىلدىن ئارتۇق ئېلېمېنتنى قانۇنىيەتلىك ھالدا يەتتە دەۋر، يەتتە ئاساسىي گۇرۇپپا ۋە يەتتە قوشۇمچە گۇرۇپپىغا ئايرىپ جەدۋەللەشتۈرۈپ چىقتى.

11. باشقا ئېلېمېنتلارنىڭ ئېلېكترونلىرىنى ئاسانلا تارتىپ ئالالايدىغان ئېلېمېنتلار يەتتىنچى ئاساسىي گۇرۇپپىدىكى ئېلېمېنتلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ سىرتقى ئېلېكترون قەۋىتىدە يەتتە ئېلېكترونى بار.

12. يەتتە دانە پروتون، يەتتە دانە ئېلېكترونغا ئىگە ئېلېمېنت—ئازوت گازى ($N_2$).

13. نېيترال ئېرىتمىلەرنىڭ PH قىممىتى (كىسلاتا ئىشقارلىق دەرىجىسى) يەتتە قىلىپ بېكىتىلگەن.

14. ھەقىقىي يادرولۇق ھۈجەيرىلەرنىڭ يادروسىدا بولىدىغان خروموسومانى قۇرغۇچى يېپسىمان ماددا، يەنى خروماتىننىڭ بىئو-خىمىيىلىك تۈزۈلۈشى—ئەگەر DNAنى يۈز (100) دېسەك، RNA (رىبونۇكلېئىك كىسلاتا) يەتتە بولىدۇ.

15. قۇياش مەركىزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى داۋاملىق ئۆرلەپ، 7 مىليون سىلسىيە گرادۇسقا يەتكەندە، قۇياشتا ھىدروگېن گازى بىرىكىپ، گېلىي ھاسىل قىلىدىغان رېئاكسىيە باشلىنىپ (قۇياش ئوت ئېلىپ)، داۋاملىق كىچىكلەشتىن توختىغان.

16. سامان يولى سىستېمىسىدا يەنە، چوڭلۇقى بىز كۆرۈۋاتقان قۇياشتەك كېلىدىغان يەتتە تۇرغۇن يۇلتۇز بار.

**(ئاپتور: قاغىلىق تاشيول باش ئۇچاستكىسىدىن؛ تولۇقلاپ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى.)**

# مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىنداشلىق ۋە ئىتتىپاقلىق تۇيغۇسى

△ ياقۇپ ھەمدۇللا

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى قېرىنداشلارچە ئۆم-ئىناق بولۇشقا چاقىرىدۇ. ئىناق، ئىتتىپاق بولۇش، دۆلەت تەۋەلىكى، مىللەت ئايرىمىسى، ئىرقىي پەرقى، سىنىپىي تەركىبى، نەسەبى، جىنسىگە قارىماي دىنىي قېرىنداش دەپ تونۇش ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئىدىيىسى. ئىسلام دىنىنىڭ شوئارى — تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق. «قۇرئان كەرىم» دە: **"ئى مۆمىنلەر! ئىسلام دىنىغا (تىنچلىق دىنىغا) پۈتۈنلەي كىرىڭلار"** (2-سۈرە «بەقەرە»، 208-ئايەت) دەپ چاقىرىق قىلىنغان. **"مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھدىن قورقۇڭلار"** (49-سۈرە «ھۇجۇرات»، 10-ئايەت) دەپ تەلىم بېرىلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: **"مەن ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات (ئاللا) بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئىمان ئېيتمىغىچە جەننەتكە كىرمەيسىلەر، ئۆزئارا دوستلاشمىغىچە ھەقىقىي مۆمىن بولالمايسىلەر"** (تىرمىزى رىۋايىتى) دېگەنىدى. ئىمان ئېيتىش مۇسۇلمانلىقنىڭ بەلگىسى، ئۆزئارا دوست بولۇش مۆمىن مۇسۇلمانلىقنىڭ شەرتى. رەسۇلۇللا بۇ شەرتلەر ھازىرلانمىسا جەننەتكە كىرمەيسىلەر دېيىش بىلەن، دوست ئۆتۈشنى مۇسۇلمانلىقنىڭ يادروسى بولغان ئىمان بىلەن تەڭ قويغان.

مۇھەممەد پەيغەمبەر ئېيتقاندەك: **"ئىسلام دىنى بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئۇ بولسىمۇ بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى دەپ كەلىمە شاھادەت ئېيتىشتىن، پەرز نامازلارنى ئادا قىلىشتىن، زاكات بېرىشتىن، ھەج قىلىشتىن ۋە رامىزان روزىسىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت"** (بۇخارى رىۋايىتى).

ئىسلامدىكى بۇ بەش پەرز ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكىدۇر. ئىناق-ئىتتىپاقلىق بۇ بەش تۈۋرۈكنىڭ ھۇل تېشىدۇر. بۇ بەش پەرزنىڭ ھەربىرى دوستلۇق، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنى نىشان قىلغان. بۇ ھەقتە تۆۋەندە ئايرىم-ئايرىم توختىلىمىز.

**1. «تەۋھىد» ئاللانىڭ بىرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىك-ئىتتىپاقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.**

«تەۋھىد» ئىسلام دىنىنىڭ يىلتىزى، ئانىسى. ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تارقىلىشتىن ئىلگىرى ئەرەبلەر ئۇرۇق-قەبىلىلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىر قەبىلىنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغان كۆپلىگەن بۇتلىرى (ئىلاھلىرى) بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى ئوخشىمىغاچقا دىلى ئوخشىمىغان، شۇڭا ئۇلاردا بىرلىك-ئىتتىپاقلىق بولمىغان، ئۇرۇش-ماجىرا، بۇلاڭ-تالاڭ ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇرغان. ئۈزۈلمەس ئۇرۇش، تۈگىمەس نىزالار خەلققە مىسلىسىز بالايى-ئاپەت كەلتۈرگەن. ئەرەب خەلقى بۇنداق ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكتىن، ئۆچمەنلىك-دۈشمەنلىكتىن بىزار بولغان. دەل مۇشۇنداق شارائىتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالانىڭ ۋەھيىسى بىلەن «تەۋھىد»نى تەبلىغ قىلدى. «تەۋھىد» ئىسلام دىنىنىڭ شەكسىز، شەرتسىز ئەڭ مۇھىم ئەقىدىسى ئىدى، «قۇرئان كەرىم» دىكى بۇ ئايەتلەر سۆزىمىزنىڭ پاكىت-ئاساسىدۇر: **"ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر. ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇ**

(مۇتلەق) پادىشاھتۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر)، پاكتۇر (يەنى ھەممە نۇقسانلاردىن پاكتۇر)، (مۆمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر. (دوستلارنى قورقۇنچتىن، ئازابتىن) ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. ئاللا (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر" (59-سۈرە «ھەشر»، 22—24-ئايەتلەر).

مۇھەممەد پەيغەمبەر «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئەگىشىشتەر قىلىپ، «تەۋھىد» نى توختىماي تەبلىغ قىلىپ، بىر ئاللاغا، بىر قىبلىگاھقا باش قويۇپ، قەلبتە، ھەرىكەتتە ۋە ئېتىقادتا ئەرەبلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى نىزالارنى تۈگىتىپ، ھەممە تەڭ باراۋەر ھەم ئۆزئارا دوست-ئىناق بولۇپ، بىر-بىرىگە ياردەملىشىدىغان سائادەتمەن چوڭ ئائىلە قۇرۇپ چىقىشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. ئىلگىرىكى كۆپ ئىلاھلار ۋە تار دائىرىدىكى ئۇرۇقداشلىق چېگرىلىرىنى بىتچىت قىلىپ، ئەرەبلەرنىڭ چوڭ بىرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. سان-ساناقسىز جاپا-مۇشەققەت، خورلۇققا سۈكۈت قىلدى. ھاياتىغا خەۋپ يەتكەندە ھىجرەت قىلدى. قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، خالىس نىيەت، تەۋرەنمەس ئىشەنچ بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئاخىر سىياسىي ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ھاكىمىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەيغەمبەرلا ئەمەس، بەلكى دۇنياغا تونۇلغان سىياسىئون، ھەربىي ئالىم، خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئىگە داھى بولۇپ تونۇلدى.

مۇھەممەد پەيغەمبەر ئىتتىپاقلىق تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۆلەت ئىچىنى تىنجىتىپ، تىنچ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى چىڭىتىپ، ئىتتىپاقلىششقا بولىدىغانلىكى كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ھەر خىل چېچىلاڭغۇ دىللارنى، قارىمۇقارشى كۈچلەرنى، ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئىسلام تۇغى ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، قېرىنداشلارچە دوستلۇق ئورناتتى. ئۇلار بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىسلام دىنىنى شەرقتە ھىندىستاندىن، پامىر تاغلىرىنىڭ بويلىرىغىچە، غەربتە ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئۆتۈپ ئىسپان يېرىم ئارىلىغىچە، جەنۇبتا ئوتتۇرا ئافرىقىغىچە، شىمالدا قىپچاق دالىسىغىچە بولغان ئۈچ قىتئەگە تۇتاشقان كەڭ زېمىندا چېچەكلىتىپ گۈللەندۈردى. بۇ دەۋرلەردە ئىسلام دىنى ئالتۇندەك جۇلالىنىپ، نۇر چېچىپ دۇنياغا ئەرەب مەدەنىيىتى، ئىسلام مەرىپەت جەۋھەرلىرىنى تارقاتتى. مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ ئالەمشۇمۇل كەشپىيات ۋە ئەسەرلىرى شەرق ساماسىدا چولپاندەك نۇر تارقىتىپ، ياۋروپالىقلارنى ئويغىتىپ، دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى. بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ تۈگىمەس بايلىق، روھى ئوزۇق بولۇپ قالىدىغان بۇنداق مەرىپەت، مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلۇغ ئاللانىڭ نېمىتى، مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ قان-تەرىدىن ئاپىرىدە بولغان ۋە ئىنسانلارغا چەكسىز لەززەت، ھېسابسىز كۈچ-قۇۋۋەت بەخش ئېتىدىغان شېرىن مېۋىلەر بولۇپ قالدى. بۇ ئىسلامنىڭ تىنچ مۇھىتتىكى قېرىنداشلارچە ئىتتىپاقلىقنىڭ سەمەرىسىدۇر، ئەلۋەتتە! شۇڭا ئەجدادلىرىمىز: "بىرلىك بولمىغىچە تىرىكلىك بولماس، ئىتتىپاق بولمىغىچە قۇدرەت بولماس" دېگەن ھېكمەت گۆھەرلىرىنى مىراس قالدۇرغاندۇر.

**2. ناماز مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىك-ئىتتىپاقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور رول ئوينايدۇ.**

ئىسلام دىنى ئىبادەتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ناماز

دەپ قارايدۇ. ناماز — مۇسۇلمان بىلەن غەيرىي مۇسۇلماننىڭ تۈپ پەرقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئالامەت. «قۇرئان كەرىم»دە ناماز توغرىسىدا نۇرغۇن ئايەتلەر نازىل بولغان: "**(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھيى قىلىنغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلغىن، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ، ئاللانى ياد ئېتىش ھەممەدىن (يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر، ئاللا قىلىۋاتقان (ھەممە) ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ**" (29-سۈرە «ئەنكەبۇت»، 45-ئايەت)، "**كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (يەنى ئەتىگەندە ھەم كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن. شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر**" (11-سۈرە «ھۇد»، 114-ئايەت). دېمەك، نامازنىڭ ئەھمىيىتى نامازخاننىڭ ئىچىنى ھەم تېشىنى ھەمىشە پاك تۇتۇش، ھەر دائىم ئاللانى ياد ئېتىش، ئاللادىن قورقۇش، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، گۇناھتىن قول ئۈزۈپ، ساۋابلىق ئىشنى كۆپ قىلىش، ئەدەب-ئەخلاقلىق بولۇشتىن ئىبارەت. مۇسۇلمانلار نامازنى مەسچىتلەردە كوللېكتىپ ئېلىپ بارىدۇ. پەقەت مەسچىتتىلا مۇسۇلمانلار تەڭ باراۋەر بولالايدۇ. مەيلى خان، مەيلى پۇقرا، مەيلى گاداي، مەيلى باي بولسۇن، بىر سەپتە تۇرۇپ، بىر ئىمامغا ئېتىقاد قىلىپ، بىر قىبلىگە باش قويۇپ، بىر نىيەت، بىر خىل ھەرىكەتتە ئىبادەت قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك: "**مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى تارغاقنىڭ چىشلىرىدەك تەڭ ھەم تەكشى بولالايدۇ.**" مەسچىت — مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىش، ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش مەركىزى. ئادەتتە بىر مەھەللىدە بىر مەسچىت بولىدۇ، بەش ۋاخ ناماز مەھەللە مەسچىتلىرىدە ئوقۇلىدۇ. مۇسۇلمانلار نامازنىڭ ئالدى-كەينىدە ئۆزئارا پىكىر ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرۇپ قېرىنداشلاردەك ئىناق ئۆتىدۇ. چوڭ شەھەرلەردە جامە، ھېيتگاھ بولىدۇ. جامەلەردە ھەر جۈمە كۈنى بىرنەچچە مەسچىت جامائىتى جەم بولۇپ، جۈمە نامىزىنى ئوقۇيدۇ. خاتىپ ئاخۇنۇم جۈمە نامىزىدىن ئىلگىرى خۇتبە ئوقۇپ (ۋەز-نەسىھەت قىلىپ) جامائەتكە شەرىئەت ئەركانلىرى بويىچە كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش، ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىش، ئۆزئارا يار-يۆلەكتە بولۇپ قېرىنداشلارچە دوستلۇقنى كۈچەيتىش توغرۇلۇق تەلىم بېرىدۇ. دېمەك، جۈمە — مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرا كۆلەملىك يىغىلىشى، "جۈمە"نىڭ لۇغەت مەنىسى جەم بولغان، توپلاشقان، يىغىلغان دېگەنلىكتۇر. مۇسۇلمانلار جۈمەنى ئۇلۇغ كۈن ھېسابلايدۇ. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ بوۋىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنى يارىتىلغان، جۈمە كۈنى جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن. شۇڭا جۈمە كۈنى مۇسۇلمانلار پاكىز تازىلىنىپ، پاكىز، چىرايلىق كىيىنىپ، پۇراقلىق نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ، بايرام شادلىقىغا چۆمگەن ئۈستۈن كەيپىياتتا ئۆزئارا ئۇچرىشىدۇ، تۇغقان يوقلىشىدۇ، كېسەللەرنى يوقلايدۇ، پېقىر-مىسكىن، يېتىملارغا سەدىقە بېرىدۇ. بۇ خىل ساخاۋەتلىك ياخشى ئىشلار دوستلۇقنى، قېرىنداشلىقنى چىڭىتىدىغان ئۈزۈلمەس رىشتىگە ئايلىنىدۇ. بۇ خىل دىنىي قېرىنداشلىق يۇرتۋازلىق، قەبىلىۋازلىق، مىللىي ئايرىمچىلىق، ئىرقىي كەمسىتىش ئاساسىدىكى مۇناسىۋەتتىن يۈكسەك ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ھىجرىيىنىڭ 2-يىلى ئاللاتائالا بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيت نامىزى ئوقۇشىمىزنى بەلگىلىدى. ھېيت كۈنى بىر يۇرتنىڭ مۇسۇلمانلىرى پاكىز تازىلىنىپ، رەتلىك كىيىنىپ، ھېيتگاھلارغا يىغىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ. نامازدىن پارىغ

بولغاندا قېرىنداشلارچە سالاملىشىپ كۆرۈشىدۇ، تۇپراق بېشىنى زىيارەت قىلىدۇ، بىر-بىرىنىڭ ئۆيىنى ھېيتلىشىدۇ، ئاجىز، مىسكىن، يېتىملارغا سەدىقە ئىئانە بېرىدۇ. پۈتكۈل مۇسۇلمان ئەھلى تىنچ-ئامان، شادىمان، پاراۋان بايرام تەنتەنىسى قىلىشىدۇ. ھېيت كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭ يىغىلىش كۈنى بولۇپ، ئۆزئارا مېھىر-مۇھەببەت يەتكۈزۈپ، دوستلۇق-ئىناقلىقنى چىڭىتىدىغان، قېرىنداشلارچە ئۇچرىشىدىغان خاتىرە كۈنى بولۇپ قالىدۇ.

مۇسۇلمانلار ئۈم كېلىدۇ. بىر مۇسۇلمانغا ئۆلۈم يەتسە مەسچىتلەرگە خەۋەر قىلىدۇ، جامائەت كېلىپ ھازىدارلارغا تەسەللىي بېرىدۇ. دەپنە تەييارلىقنى قولمۇقول ئىشلەپ، قەبرە قېزىپ، مېيىتنى يۇيۇپ، تاراپ، شۇ كۈنىلا دەپنە مۇراسىملىرىنى ئاياغلاشتۇرىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچى ئاجىز، ياكى ئىگە-چاقىسىز بولسا، جامائەت خالىس ياردەم بېرىپ، بىرلىكتە ئۇزىتىپ قويىدۇ. بۇنداق خالىس ياردەم، سىلە-رەھىم مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىنداشلىق ئىتتىپاقىنى تېخىمۇ چىڭىتىدۇ. پەيغەمبىرىمىز ئېيتقانىدەك: **"مۇسۇلمانلار بىر-بىرىگە رەھىمدىل بولۇشتا، بىر-بىرى بىلەن دوستلىشىشتا، بىر-بىرىگە ياردەمدە بولۇشتا ئىنساننىڭ بىر پۈتۈن بەدىنىگە ئوخشايدۇ. ئىنساننىڭ بىر ئەزاسى ئاغرىسا پۈتۈن بەدەن بىئارام بولىدۇ ۋە قىزىيدۇ"** (نوئمان ئىبنى بەشىر رىۋايىتى).

**3. مۇسۇلمانلار زاكات بېرىش، سەدىقە بېرىش، يار-يۆلەك بولۇش ئارقىلىق ئۆزئارا قېرىنداشلىقنى يەتكۈزىدۇ.**

زاكات بېرىشمۇ پەرز ئەمەل. زاكات بايلارنىڭ نورمال ئىقتىسادىنى خوراتماسلىق ئاساسىدا ئاجىز، كەمبەغەل، پېقىر، يېتىملارغا ياردەم بېرىدىغان، قېرىنداشلارغا مېھىر-شەپقەت يەتكۈزىدىغان ساۋابلىق ئىش. زاكات بېرىشنىڭ ئۆلچىمى بار، بايلىق مېلى ئۆلچەمگە توشۇپ، ئۇنىڭ زاكىتىنى ئايرىمىسا، ھارام مال دەپ قارىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە: **"نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ئىشلىگەن ھەرقانداق ياخشى ئەمەل بولسا، ئاللانىڭ دەرگاھىدا ساۋابىنى تاپىسىلەر، ئاللا ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر"** (2-سۈرە «بەقەرە»، 110-ئايەت) دەپ ئېنىق بايان قىلىنغان. «قۇرئان كەرىم» دە يەنە **"ئاللانى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل-مېلىدىن ئايرىلىپ ئۆزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشىگە پۇل-مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇقتا، كېسەللىكتە ۋە (ئاللانىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشتا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر."** (2-سۈرە «بەقەرە»، 177-ئايەت) دېيىلگەن. دېمەك، زاكات، سەدىقە، پىتىر مۇسۇلمانلارنىڭ بىر-بىرىگە يار-يۆلەكتە بولۇش، مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈش، قېرىنداشلارچە ياردەم بېرىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ ئىتتىپاقلىقنى چىڭىتىدۇ. كىشىلەر دىلىنى بىر-بىرىگە مايىل قىلىدۇ، ئۆچ-ئاداۋەتنى ئازلىتىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە 154 ئورۇندا سەدىقە بېرىشنىڭ پەزىلىتى سۆزلەنگەن. سەدىقات بالايى-ئەزىمنى يېنىكلىتىدىغان، دوستلۇقنى چىڭىتىدىغان ساۋابلىق ئىش. ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ھازىرقى سىياسىتىدىمۇ بىر بۆلۈم كىشىلەر ئالدىن بېيىش، بايلار كەمبەغەل-ئاجىزلارغا ياردەم بېرىپ، ئاخىردا ئورتاق بېيىشنى تەكىتلەۋاتىدۇ، بۇنداق ياخشى سىياسەتنى ئامما قىزغىن قوللايدۇ.

**4. رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىنى يۇمشىتىپ، قېرىنداشلىقنى**

تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

ھىجرىيىنىڭ 2-يىلى مۇسۇلمانلارغا رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇش پەرز قىلىندى. روزا تۇتۇشنىڭ ئەھمىيىتى شۇكى، ئادەتتە ئىنسانلار، بولۇپمۇ بىرمۇنچە ئەمەلدارلار، بايلار ئۆز شەخسىيىتىنى كۆزلەپ، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، مال-دۇنيا توپلاشقا ھېرىس كېلىدۇ. ئاجىز، مىسكىن، پېقىر-يېتىملەر بىلەن كارى بولمايدۇ. روزا تۇتقاندا پۈتۈن بىر كۈن يېمەي، ئىچمەي، چەكمەي، ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلمەي كۈن ئۆتكۈزگەچكە ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقنىڭ دەردىنى ئوبدانلا تېتىيدۇ، نەتىجىدە دىلى يۇمشاپ، ئەتراپىدىكى ئاچ-زېرىنلارنى ئويلاپ، يېتىم-يېسىر، پېقىرلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئۇلارغا يار-يۆلەكتە بولىدۇ، سەدىقە-ساخاۋەت بېرىدۇ.

مۇسۇلمانلار رامىزان ئېيىنى ئەڭ مۇقەددەس، ئۇلۇغ ئاي دەپ بىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»نى رامىزان ئېيىدا نازىل قىلىشنى باشلىغان. شۇڭا، مۇسۇلمانلار رامىزان ئېيىدا كۆپرەك ئىبادەت قىلىدۇ، ئاللادىن گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشنى تىلەيدۇ، ساۋابلىق ئىش قىلىدۇ، ھەرگىز گۇناھ ئۆتكۈزمەيدۇ، بىر-بىرىنى چاقىرىپ ئىپتارنى بىرلىكتە قىلىدۇ ياكى پۈتكۈل جامائەتنى، خىش-ئەقرىبالىرىنى چاقىرىپ ئىپتارلىق بېرىدۇ. مەسچىتلەردە خەتمە قۇرئان قىلىدۇ، تاراۋىھ نامىزى ئوقۇيدۇ، تۈنەك ئۆتكۈزۈپ ئاللادىن ياخشى تىلەكلىرىنى تىلىشىدۇ. رامىزان ئېيى گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرىدىغان، ئۆزئارا يار-يۆلەكتە ئىللىقلىق يەتكۈزۈشىدىغان، ئاللادىن گۈزەل ئارزۇ-تىلەكلىرىنى تىلەيدىغان ئۇلۇغ ئاي. بۇ ئايدا سەدىقە بېرىش (ھەربىر جان ئۈچۈن) ۋاجىپ ئەمەلدۇر. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: **"سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەرگە، سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا ۋە ئاللاغا قەرزىي ھەسەنە بەرگۈچىلەرگە (يەنى ئاللانىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، كەمبەغەللەرگە سەدىقە بەرگۈچىلەر، ياخشىلىق يوللىرىغا خۇشاللىق بىلەن پۇل-مال سەرپ قىلغۇچىلارغا) ھەسسىلەپ (ساۋاب) بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زور مۇكاپات (يەنى جەننەت) بېرىلىدۇ"** (57-سۈرە «ھەدىد»، 18-ئايەت). بۇ ئايەتتە سەدىقە بېرىشنىڭ مۇكاپىتى، ئەھمىيىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

**5. ھەج تاۋاپ قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنياۋى بىرلىك، ئىتتىپاقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.**

**"قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللا ئۈچۈن كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى"** (3-سۈرە «ئال ئىمران»، 97-ئايەت).

ھىجرىيىنىڭ 5-يىلى ئاللاتائالا مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرىتى يەتسە، يول ئۈچۈق، شەرتى تولۇق بولسا، ئۆمرىدە بىر مەررە ھەج قىلىشنى پەرز قىلدى. ھەج قىلىش — ئىبادەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى، ئەڭ ئېسىلى. ھەج مەزگىلىدە مۇسۇلمانلار ئاللاغا چىن ئىخلاسى بىلەن ئىبادەت قىلىپ، ئۇ دۇنيالىقنى چوڭقۇر ئويلاپ، ساپ دىل، پاك نىيىتى بىلەن پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ ئىزنالىرىنى زىيارەت قىلىپ، ھەجدىكى پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ئەمەللىرىنى تولۇق ئادا قىلسا، ئىنشائاللا ھەجى قوبۇل بولۇپ گۇناھلىرى پاكىز يۇيۇلۇپ تۆكۈلىدۇ. شۇڭا ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدە پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار مۇقەددەس مەككىمۇكەررەمەگە يىغىلىپ كەئبىنى زىيارەت قىلىدۇ. بۇ، مىليونلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنياۋى چوڭ يىغىلىشى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ھەرقايسى دۆلەت، رايونلاردىن كەلگەن مۇسۇلمانلار باش قوشۇپ ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىسلام دىنىنى تېخىمۇ قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن پىكىر-ھېسسىيات ئالماشتۇرىدۇ، ھەج دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۇچرىشىش، باش قوشۇش، ئۆگىنىش، بىرلىشىش، ئىتتىپاقلىشىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان دۇنياۋى كاتتا يىغىلىش ھېسابلىنىدۇ.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، ئىسلام دىنى دىنىي قېرىنداشلىق، ئىناق-ئىتتىپاقلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان دۇنياۋى دىندۇر. مۇسۇلمانلار ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا بىر ئاللاغا تىۋىنىپ، بىر قىبلىگە باش قويۇپ، بىر ئىمانغا ئېتىقاد قىلىپ، بىر يەردە، بىر مەقسەتتە، بىر ھەرىكەتتە، بىر يولدا بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان قېرىنداشلارغا ئايلانغان. **”مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر“** (49-سۈرە «ھۇجۇرات»، 10-ئايەت).

ئىسلام دىنى ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تىنچلىقپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، خەيرى-ساخاۋەتلىك بولۇش، سەمىمىيلىك، ساداقەتمەنلىك، ئېپەت-ھايالىق بولۇش، ھەقنى سۆزلەيدىغان، راستچىل بولۇش، مېھىر-مۇھەببەتلىك، كۆيۈمچان، ئىرىشچان، ئىشچان بولۇش قاتارلىق ئېسىل پەزىلەتلەرنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۆلگۈنچىلىك، ئالدامچىلىق، ئالغانچىلىق، پىتنە-پاسات، غەيۋەت-شىكايەت، كاززاپلىق، خۇسۇمەت، تۆھمەتخورلۇق، ھەسەتخورلۇق، ھەشەمەتخورلۇق، تەمەخورلۇق قاتارلىق ئىللەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. چۈنكى ئىللەت مىللەتنى بۇزىدۇ.

تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مۇسۇلمانلار قېرىنداشلارچە ئىتتىپاقلىشىپ، ئاللانىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خەيرلىك ئىشلارنى قىلسا، ئاللا قوللاپ ياردەمدە بولىدۇ، نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ، ئەكسىچە بولغاندا، مەغلۇپ قىلىدۇ، ئاپەت ياغدۇرىدۇ. مەسىلەن، مۇھەممەد پەيغەمبەر ھەم ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت خەلىپە ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقى چىڭ، مەيدانى مۇستەھكەم بولغاچ ئىسلامىيەت ئالتۇن دەۋرگە يەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى خان-پادىشاھلار تەخت تالىشىپ، جاھالەتلىشىپ، بۆلۈنگەچكە ئىسلامىيەت ئاجىزلىششقا يۈزلەنگەنىدى. تارىختىن ساۋاتى بار كىشىلەر تارىختىكى ئورخۇن خانلىقى، ئىدىقۇت خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى، چاغاتاي خانلىقى، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرلىرىدىمۇ، ئوردىدا ئىتتىپاقلىق گۈللىرى ئېچىلغاندا، دۆلەت گۈلىستان بولغانلىقىنى، ئوردىدا ئۆچمەنلىك تىكىنى ئۈنگەندە دۆلەت گۆرىستان بولغانلىقىنى ئەسلىيەلەيدۇ. دېمەك، مەرھۇم مەرىپەتپەرۋەر مائارىپچى، ۋەتەنپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللا ئېيتقاندەك: ”مىللەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇشى ئىككى ئىشتىن، يەنى جاھىل نادانلىقتىن ۋە تەپرىقە، ئىتتىپاقسىزلىقتىن بولىدۇ. ئىززەت-ئابرۇيى تېپىشى بىلىمدىن، كۈچ-قۇۋۋەت تېپىشى ئىتتىپاقلىقتىن بولىدۇ“ («ئاقائىد زورۇرىيە» دىن) بۇ ئىبرەتلىك سۆز سادالىرى ھەر ۋاقىت قولىقىمىزدا ياڭراپ، قەلبىمىزدە ئاگاھ بولۇپ تۇرسۇن.

دىنىي قېرىنداشلار! ئاللاتائالا بىزگە چاقىرىق قىلىپ مۇنداق دېگەن: **”ھەممىڭلار ئاللانىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللانىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار). ئاللانىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللا دىللىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللانىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللا سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللا ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ“** (3-سۈرە «ئال ئىمران»، 103-ئايەت). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **”مۆمىنلەر خۇددى بىنانىڭ خىشلىرىغا ئوخشاش، ئۇلار بىر - بىرىنى چىڭىتىپ دەس تۇرىدۇ“**

دەپ تەمسىل قىلغان. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ئۆم-ئىناق بولۇشى ئاللاتائالانىڭ چوڭ نېمىتى ھەم ھىدايىتى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدى.

ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى قويۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇسۇلمانلار ئىختىلاپ قىلىشىپ بۆلۈنۈۋاتىدۇ. ئۇ مىللەت، بۇ مىللەت دەيدىغان مىللىي ئايرىمچىلىق، ئا يەرلىك، ما يەرلىك دەيدىغان يۇرتۋازلىق، مەزھەپۋازلىق، گۇرۇھۋازلىق ئىللەتلىرى بىخ سۈرۈپ، گۈلىستان دىيارىمىزدا تىكەن ئۈنۈپ، دوستلۇق گۈللىرىنىڭ ياشنىشىغا توسقۇن بولۇۋاتىدۇ. ئەڭ ئېچىنارلىقى شۇكى، ئاللانىڭ ئۆيى بولغان ("مەسچىتلەر ئاللاغا خاستۇر" (72سۈرە «جىن»، 18-ئايەت) مەسچىتلىرىمىزنى ئىختىلاپ، بۆلۈنۈش ئىس-تۈتۈنلىرى بۇلغاۋاتىدۇ. مەسچىت-مەدرىسلەردە بەزىلەر ۋەز-تەبلىغ قىلىش باھانىسىدا ئۆزلىرىنىڭ ھارام نىيەتلىرىنى جارى قىلىۋاتىدۇ. ئاز ساندىكى قايمۇققان ئاما يامانغا يانتاياق بولۇپ، ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىماي داۋراڭ سېلىپ، تىنچ كۆڭۈللەنى بىئارام قىلىۋاتىدۇ. شۇ ئارقىلىق ساپ ۋە ساغلام بولغان ئىسلام دىنىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى جاھىللىق، نادانلىقتىن ئىبارەت ۋابانىڭ تارقىتىۋاتقان باكتېرىيىلىرىدىن ئىبارەت، خالاس.

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار! بىز بۇنداق ئىختىلاپ، بۆلۈنۈشكە قەتئىي خاتىمە بېرىشىمىز، ئۇلارنىڭ دىيارىمىزنىڭ گۈلشەن بېغىغا تىكەن تېرىشىغا قەتئىي يول قويماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى، ئىختىلاپ، بۆلۈنۈش ئاللاتائالانىڭ پەرزلىرىگە، پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللانىڭ سۈننەتلىرىگە مۇخالىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە خىلاپ، "كىمكى ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن (يەنى كىمكى ئاللانى ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئاللاغا مۇلاقات بولۇشقا ئىشەنمەيدىكەن، ئاللانىڭ ئايەتلىرىگە قۇلاق سېلىشتىن يۈز ئۆرۈيدىكەن)، ئۇ دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ" (72-سۈرە «جىن»، 23-ئايەت). خالاس!

بۆلۈنۈش مۇسۇلمانلارنىلا ئەمەس، ھەرقانداق دۆلەت ۋە ھەربىر مىللەتنىمۇ ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ۋەيران قىلىدۇ، زاۋاللىققا يۈزلەندۈرىدۇ. بىز تارىخىمىزدا بۆلۈنۈشنىڭ ئاچچىق ئازابىنى كۆپ تارتقان. ئەمدى بۇ زەھەرزەۋقۇمنى قايتا تېتىشنى ئەسلا خالىمايمىز. بىز مۇسۇلمانلار ۋەتەننى قىزغىن سۆيىمىز. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم "ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر" دېگەندى. ئىمان — مۇسۇلمانلىقنىڭ بەلگىسى. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش، خەلقنىڭ بىرلىكى، دۆلىتىمىزنىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداشتا مەجبۇرىيىتىمىز ۋە مەسئۇلىيىتىمىز بار. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇيۇشقان، ئىتتىپاقلاشقان كۈچى ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى باياشات تۇرمۇشقا يەتكۈزۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان زور كۈچ. قول تۈگۈلسە مۇشت بولىدۇ، ئەل يىغىلسا كۈچ بولىدۇ. ۋەتىنىمىز ھازىر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقان، ئىشىكنى سىرتقا كەڭ ئېچىۋاتقان ئەۋزەل شارائىتتا تۇرماقتا. شۇڭا، بىز مۇسۇلمانلار دەۋر روھىغا ماسلىشىپ، ئىتتىپاقىمىزنى چىڭىتىپ، غەيرىتىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، بىلىم قابىلىيىتىمىزنى، ئەقىل-پاراستىمىزنى، كۈچ-قۇۋۋىتىمىزنى ئاشۇرۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھەسسە قوشايلى.

# ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرز ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك

△ يۈسۈپجان ئابدىن

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئىنسان ماددا بىلەن روھتىن تەركىب تاپقاچقا، ئۇ تەرەققىي قىلىش ۋە تاكامۇللىشىشتا ماددىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئوزۇقلىنىشقا موھتاج؛ ئەگەر بۇ ئىككىسىدىن بىرىگە ئەھمىيەت بېرىلىپ يەنە بىرىگە سەل قارالسا، چوقۇم ئىنساندىكى ساغلام مۇۋازىنەت ۋە ماس قەدەملىك يېتىلىش بۇزۇلۇپ، ئىنسان ئەسلىي توغرا يولىدىن چەتنەيدۇ. ماددىي مەدەنىيلىك ئارقىلىق ئىنساننىڭ ماددىي ئېھتىياجى كاپالەتلەندۈرۈلسە، مەنىۋى مەدەنىيلىك ئارقىلىق ئۇنىڭ روھىي ئېھتىياجى كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. ئىنسانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ. ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى ماددىي ۋە روھىي نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھەر ئىككى جەھەتتىن ماس قەدەمدە تەڭ تەرەققىي قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ: ”ئاللا ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللا ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (ئاللانىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، ئاللا ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ“ (28-سۈرە «قەسەس»، 77-ئايەت). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ”سىلەردىن دۇنيانى دەپ ئاخىرەتنى، ياكى ئاخىرەتنى دەپ دۇنيانى تەرك قىلغان (تاشلاپ قويغان) ئادەم ياخشى ئادەم بولماستىن، ھەر ئىككىسىنى تەڭ تۇتقان ئادەم ياخشى ئادەمدۇر“ (ئىبنى ئەساكىر ئەنەس رىۋايەت قىلغان). يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىستىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى، ئىسلام دىنى ھەر ئىككى دۇنيالىقتا، جۈملىدىن ماددىي ۋە روھىي جەھەتتىن تەڭ يېتىلىشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ماددىي تەرەپكىلا بېرىلىپ كەتكەن، مەنىۋى دۇنياسى نامرات بولغان ئادەمدە ساغلام ئىنسانىي تۇيغۇ بولمىغاچقا، ئۇ بۇ ماددىي تەرەققىياتنى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز شەخسىيىتى، كۆڭۈل خاھىشى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلدۇرىدۇ، مەنىۋى يۈكسەكلىكتىن ئايرىلغان مۇنداق ماددىي تەرەققىيات ئاخىرقى ھېسابتا شۇ ئادەمنى تۈيۈق يولغا باشلىماي قالمايدۇ. ئەكسىچە، ماددىي دۇنياغا كۆڭۈل بۆلمەي، روھىي تەرەپكىلا بېرىلىپ كەتكەن ئادەممۇ ئوخشاشلا بۇ دۇنيادا ياخشى كۈن كۆرەلمەيدۇ ھەم روھىي تەڭپۇڭلۇقىنىمۇ ياخشى ساقلىيالمايدۇ. شۇڭا، خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك، يۇقىرىقى ھەر ئىككى خىل ئادەم ياخشى ئادەم ئەمەس، بەلكى ھەر ئىككىلىسىنى قولدىن بەرمىگەن ئادەم ياخشى ئادەمدۇر. دېمەك، ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ ساغلام بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشىغا مىسلىسىز دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ يۈكسەك نىزامى بولغان كەلىمە شاھادەت ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش ۋە ھەج قىلىش قاتارلىق بەش پەرز ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنى ئاللاتائالانىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئىككى دۇنيالىق بەختنى قولغا كەلتۈرۈشكە، توغرا يېتەكچى ئاڭ ئارقىلىق ساغلام بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشقا ھەمدە بۇ ئىككى خىل مەدەنىيلىكنى ئۆزئارا زىددىيەتكە سالماي، بەلكى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە ئۇلارنى ئىنسانلارنىڭ ئورتاق

مەنپەئىتى ئۈچۈن تەڭ خىزمەت قىلدۇرۇشقا، شۇ ئارقىلىق ئىناق، تىنچ، گۈللەنگەن گۈزەل دۇنياغا ئېرىشىشكە يېتەكلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.

مەنىۋى مەدەنىيلىك مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا پاكلىق دېمەكلىكتۇر. بىز تۆۋەندە ئىنسانىيەت مەنىۋى دۇنياسىنىڭ روھىي ئوزۇقى بولغان بەش پەرزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك، پاكلىق قۇرۇلۇشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

## 1. كەلىمە شاھادەت ئېيتىش

يەنى "ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدەن رەسۇلۇللا" (گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاتائالادىن باشقا ھېچقانداق خۇدا يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالانىڭ پەيغەمبىرىدۇر) دېيىش. بۇنىڭ مەنىسى "ئاللاتائالا بىر، ئۇنىڭ ھېچقانداق شېرىكى يوق، ئاللا بەندىلەر ئىبادەت قىلىشقا ۋە مۇقەددەس دەپ بىلىشكە لايىق زات، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا، ئاللاتائالانىڭ ئىنسانلارنى قاراڭغۇ زۇلمەتتىن ئىمانىي يورۇقلۇققا چىقىرىش ۋە توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئەۋەتكەن بەندىسى ۋە ئەلچىسى دېمەكلىك بولۇپ، بۇ ئىمان كەلىمىسىنى تىلى ۋە دىلى بىلەن تەستىق ۋە ئىقرار قىلىش شەرتتۇر.

ئاللاتائالا "قۇرئان كەرىم" دە مۇنداق دەيدۇ: **"ئاللانىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كەلىمە تەييىبە (يەنى ياخشى سۆز، ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى-ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئاللا كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن دەپ، ئۇلارغا نۇرغۇن تەمسىللەرنى كەلتۈرىدۇ"** (14-سۈرە «ئىبراھىم»، 24—25-ئايەتلەر). بۇ ئىمان كەلىمىسى يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەندەك "كەلىمە تەييىبە" دەپ ئاتىلىدۇ ۋە ياخشى سۆز، پاك كەلىمە، پاكلىغۇچى كەلىمە، پاكلاش كەلىمىسى دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

ئۇنداقتا بۇ پاك كەلىمە نېمىنى پاكلايدۇ؟ ئۇ ئىنساننى ئىنسانىيەت ئەقىدىسىنى چىرمىۋالغان مەنىۋى مەينەتچىلىك، مۇشرىكلىق ۋە خۇراپىي خاتا قاراشلاردىن پاكلاپ، پەقەت ئاللاتائالا ھەممىدىن ئۇلۇغ، ئۇ ئۇلۇغ كائىناتنىڭ ئىگىسى، بەندىلىرىنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىنى ھەر ۋاقىت نازارەت قىلىپ تۇرغۇچى، ھايات-ماماتلىقنىڭ ئىگىسى، بەندىلىرىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىگە مۇكاپات بېرىپ، يامان قىلمىشلىرى ئۈچۈن جازا بەرگۈچى، ئادىل، يېگانە قۇدرەت ئىگىسىدۇر دېگەن توغرا تەۋھىدىي قاراشقا ئىگە قىلىدۇ. ئىنسانلاردىن سادىر بولىدىغان ماددىي ۋە مەنىۋى جىنايەتلەر(گۇناھلار) كۆپىنچە كىشى كۆرمىگەن، نازارەتچى بولمىغان پەيتتە يۈز بېرىدۇ. ئەمما بۈيۈك، زور قۇدرەت ئىگىسى بولغان بىر نازارەتچىنىڭ (ئاللاتائالانىڭ) كېچە-كۈندۈز توختىماي نازارەت قىلىپ، بەندىلىرىنىڭ ياخشى ئىشلىرىغا مۇكاپات، يامان قىلمىشلىرىغا جازا بېرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىنسان مەيلى باشقىلار كۆرسۇن-كۆرمىسۇن سۆز-ھەرىكىتىدە چوقۇم دىققەت قىلىدۇ، يامانلىقتىن قول ئۈزۈپ، ئىنسانىيەت مەنپەئەتىگە پايدىلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، نەتىجىدە ئۆزىدىكى پاك مەنىۋى ئوزۇق ئارقىلىق ساغلام بولغان ماددىي مەدەنىيلىك بەرپا قىلالايدۇ.

## 2. ناماز ئوقۇش

ناماز ئىبادىتىنى ئادا قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى — تاھارەت (پاكلىق). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **"ئىسلام دىنى پاكلىق دىنىدۇر، سىلەر پاك بولۇڭلار، جەننەتكە پەقەت پاك كىشىلەرلا كىرەلەيدۇ"** (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). **"تاھارەتسىز (پاكلانماي) ئوقۇلغان ناماز مەقبۇل ئەمەس"** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). پاكلىق دېگىنىمىزدە ئىچكى ۋە تاشقى پاكلىق كۆزدە

تۇتۇلىدۇ، يەنى مەنىۋى ۋە ماددىي مەينەتچىلىكتىن خالاس بولۇپ، ئاندىن ئاللاتائالاغا ئۆز ئىخلاسىمىزنى بىلدۈرۈش، ئاللاتائالادىن ئۆز تىلەك-مەقسەتلىرىمىزنى سوراش ۋە ئاللاتائالاغا ئەھدە بېرىشىمىزنى كۆرسىتىدۇ. ئىچكى پاكلىق دېگىنىمىز مەنىۋى پاكلىق بولۇپ، قەلبنى، تىلنى، سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنى مەنىۋى ئىللەتلەردىن پاك قىلىش دېگەنلىكتۇر. تاشقى پاكلىق دېگىنىمىز تاھارەت ئالغاندا ئەۋرەت، قول، ئېغىز، بۇرۇن، يۈز، قۇلاق، پۇت قاتارلىق ئەزالارنى ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇش ئارقىلىق تاشقى ئەزالارنى ماددىي كىر - قاتلاردىن خالاس قىلىش دېگەنلىكتۇر. ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇنىڭدا تاشقى تاھارەت (پاكلىق) ئارقىلىق ئىچكى تاھارەت (پاكلىق) نى قولغا كەلتۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. بىز تاھارەت ئالغاندا ئالدى بىلەن ماددىي ۋە مەنىۋى مەينەتچىلىكتىن پاك بولۇشنى نىيەت قىلىمىز، يەنى قولىمىزنى يۇيۇش ئارقىلىق ئۇنىڭدىكى كىرلەرنى تازىلاش بىلەن بىرگە بۇ قولنى باشقىلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈش، ھارام نەرسىلەرنى تۇتۇش، ئىنسانىيەتكە زىيانلىق تەرەپلەرگە ئىشلىتىشتەك ناچار مەنىۋى مەينەتچىلىكتىن پاكلاشنى نىيەت قىلىمىز. ئېغىز-بۇرۇننى چايقاپ، ئۇلاردىكى ماددىي ئىللەتلەرنى تازىلاش بىلەن بىرگە ئېغىزدىن سادىر بولىدىغان يالغانچىلىق، ھەسەتخورلۇق، چېقىمچىلىق، غەيۋەت-شىكايەت قاتارلىق مەنىۋى ئىللەتلەرنى ئېغىز-بۇرۇننى چايقاپ تاشلىغان سۇ بىلەن بىرگە يۇركۈۋېتىشنى مەقسەت قىلىمىز. يۈز، قۇلاق، پۇتلارنى يۇيۇشتىمۇ، يۇقىرىقىدەكلا، ئۇلارنى ماددىي ئىللەتلەردىن خالاس قىلىش بىلەن بىرگە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەنىۋى ئىللەتلەردىنمۇ خالاس قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. مەسىلەن، يۇيۇلغان قۇلىقىمىزدا ھەقنى ئاڭلاشنى، ئاڭلاشقا تېگىشلىك بولمىغان گەپلەرنى تىڭ-تىڭلاپ يۈرمەسلىكنى، تاھارەتتىن پاكلانغان پۇتۇمىز بىلەن بۇ ھاياتتا توغرا يولغا مېڭىشنى، خاتا قەدەم باسماسلىقنى مەقسەت قىلىمىز. مانا بۇ ئىككى پاكلىق جەم بولغاندىلا، نامازنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغان ئىچكى ۋە تاشقى پاكلىق (تاھارەت) ھازىرلانغان بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن ئايرىۋېتىلسە، شەرت تولۇق ھازىرلانمىغان بولىدۇ-دە، بۇنداق ناماز مەقبۇل بولمايدۇ، ئەلۋەتتە! چۈنكى ئىسلام دىنىدا شەكىلدىن مەقسەت-ماھىيەتكە يېتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ يەردە تاشقى تاھارەت (پاكلىق) شەكىل، ئىچكى تاھارەت (پاكلىق) بولسا ماھىيەتتۇر. ئەگەر بىر ئادەم تاشقى شەكىل بولغان تاھارەت (ماددىي پاكلىق) نى تولۇق ئورۇنلىغان بىلەنمۇ، يەنى قول، پۇت، ئېغىز-بۇرۇنلىرىنى ھەرقانچە سوپۇنلاپ يۇغان بىلەنمۇ، ماھىيەتلىك پاكلىق بولغان ئىچكى تاھارەت (مەنىۋى پاكلىق) ھاسىل قىلالمىسا، يەنى ئۇ يۇغان قولنى ھارامدىن تارتمىسا، يۇغان پۇتنى ناتوغرا يولغا مېڭىشتىن تارتمىسا، چايقىغان ئېغىزنى يالغانچىلىق، چېقىمچىلىق، ھەسەتخورلۇق، غەيۋەت-شىكايەتتىن خالاس قىلمىسا ۋە شۇ ئېغىزىدا ھەق-ئادالەتنى سۆزلىمىسە ئۇنىڭ تاشقى تاھارەتتىن پاكلانغان شۇ ئەزالىرى بەرىبىر ناپاك ھېسابلىنىدۇ. ناپاكنىڭ نامىزى مەقبۇل ئەمەس، ئەلۋەتتە! دېمەك، ناماز ئاشۇنداق ماددىي ۋە مەنىۋى پاكلىق ئىككى بىلەن باشلىنىدۇ. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيدۇ: ”**(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھيى قىلىنغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلغىن، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ، ئاللانى ياد ئېتىش ھەممىدىن (يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر، ئاللا قىلىۋاتقان(ھەممە ئىشىڭلارنى) بىلىپ تۇرىدۇ**“ (29-سۈرە «ئەنكەبۇت»، 45-ئايەت). رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”بىرىڭلارنىڭ ئىشكى

ئالدىدا سۇ ئېقىپ تۇرغان ئۆستەڭ بولسا، ئۇ كىشى ئۆستەڭدە ھەر كۈنى بەش قېتىم يۇيۇنۇپ تۇرسا، بەدىنىدە كىر قالارمۇ؟ دېگەندە، ساھابىلەر، 'ھېچ كىر قالمايدۇ'، دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: 'بەش ۋاخ نامازمۇ ئەنە شۇنىڭدەك، بۇ ئارقىلىق ئاللا ئۆز بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى يۇيۇۋېتىدۇ' دېدى" (ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان). يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ناماز ئوقۇش ئاللانىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئارقىلىق پاك ھالدا ئاللا رەھمىتىنى تەلەپ قىلىش، گۇناھلىرىمىزغا تەۋبە قىلىپ، قايتا گۇناھ ئۆتكۈزمەسلىككە (ئاللاغا) ئەھدە بېرىش، بۇ ئارقىلىق توغرا يولدا مېڭىپ، ئىنسانىيەت مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئىنساپلىق، ئۆز ئىنسانىي قىممىتىنى قەدىرلەيدىغان، دىيانەتلىك، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە ساغلام، مۇكەممەل ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىش ئىبادىتىدۇر.

## 3. زاكات بېرىش

ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: **"(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن"** (9-سۈرە «تەۋبە»، 103-ئايەت). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **"زاكات مالنىڭ ھەققىدۇر، بايلاردىن ئېلىنىپ نامراتلارغا بېرىلىدۇ"** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىستىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئىسلام دىنىنىڭ بەش ئاساسىي رۇكنىدىن بىرى بولغان زاكات ماددىي ئىبادەت بولۇپ، ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى پاكلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى.

"زاكات" دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى "پاكلاش، ئۆستۈرۈش، تۈزەش" دېگەنلىك بولۇپ، شەرىئەتتىكى قوللانما مەنىسى مال-دۇنيانى پاكلاش ۋە ئۇنى كۈتۈلمىگەن ئاپەتتىن پاكلاش، نەپسانىيەتنى بېخىللىق، رەزىللىكتىن ساقلاش ئۈچۈن مال-دۇنياسى بەلگىلىك ئۆلچەمگە يەتكەندە، ئۇنىڭ مۇئەييەن بىر بۆلۈكىنى پېقىر-مىسكىنلەرنىڭ شۇنداقلا موھتاجلارنىڭ ھاجىتىنى قامداشقا ئايرىپ بېرىش دېگەنلىكتۇر. زاكات ئىبادىتى ئىنسانلارنىڭ ماددىي مەدەنىيلىك يارىتىش ئېڭىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، چۈنكى زاكات بېرىش پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن زاكات ئايرىش ئۆلچىمىگە يەتكۈدەك ئىقتىساد بولۇشى كېرەك. ھەرقانداق ئىبادەتتە ئالدىنقى شەرت بولغىنىدەك، زاكاتنىڭ شەرتى زاكات ئايرىش ئۆلچىمىگە يېتىش ۋە شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن ئېھتىياجلىق ئورۇنغا بېرىش، يەنى بىر ئادەمنىڭ يىللىق تۇرمۇش خىراجىتىدىن ئېشىنچىسى — ئالتۇن 20 دىنارغا، كۈمۈش 200 دىرھەمگە يەتسە (ئاشلىق، مال-چارۋىلارنىڭمۇ مۇئەييەن ئۆلچىمى بار) بىر يىلدا بىرلا قېتىم 2.5 پىرسەنتىنى ئاجرىتىپ، «قۇرئان كەرىم»دە كۆرسىتىلگەن سەككىز ئېھتىياجلىق ئورۇنغا بېرىشتىن ئىبارەت.

نوپۇزلۇق ئىسلام ئالىملىرىنىڭ سېلىشتۇرما قىممەت نەزەرىيىسى بويىچە قارىشىچە، ھازىرقى خەلق پۇلىغا ھېسابلىغاندا، بىر ئادەمنىڭ يىللىق تۇرمۇش خىراجىتىدىن ئېشىنچىسى تەخمىنەن 6000 يۈەن ئەتراپىدا بولسا، بىر يىلدا بىر قېتىم 2.5 پىرسەنتىنى ئايرىپ شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن ئېھتىياجلىق ھەقدارلارنىڭ ھاجىتىنى قامدىشى لازىم (ۋاجىپ). يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، زاكات ئايرىشنىڭ ئۆزى بىر شەكىل، ھاجەتمەنلەر ئېھتىياجىنى قامداش بولسا ماھىيەت. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ زاكات بېرىشكە شەرتى توشمايدۇ، ھالبۇكى، زاكات بېرىشكە شەرتى توشمايدىغانلاردىن زاكات ئېلىۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس.

ئاللاتائالا بىر بەندىنى بىر يىل خاتىرجەم تۇرمۇش كاپالىتىگە ئىگە قىلىپ، يەنە شۇنچە زىيادە ئېشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلسا، بۇ نېمەتنىڭ تەشەككۇرى سۈپىتىدە ئاشۇ ئېشىنچىنىڭ 2.5 پىرسەنتىنى ئايرىپ، تۇرمۇشىنىڭ ئەقەللىي ئېھتىياجىنىمۇ قامدىيالمايۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئۇلارغا بەرمىگەن ئادەمنىڭ تاپقان مال-دۇنيالىرى ۋە ئۆزىمۇ ناپاكتۇر. زاكات ئايرىش ۋە ھەقلىق ئورۇنغا بېرىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككىسى بىر-بىردىن ئايرىۋېتىلسە، يەنى زاكات ئەگەر ئېھتىياجلىق بولمىغان ئورۇنلارغا خالىغانچە ئىشلىتىشكە بېرىلسە، ھەرقانچە كۆپ پۇل-مال سەرپ قىلغان بىلەنمۇ، ئۇ زاكات ئوخشاشلا مەقبۇل ئەمەس. ماھىيەتتىن يىراقلاشقان بۇنداق شەكىل پاكلىق ھاسىل قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى زاكاتتىن ئىبارەت بۇ ئىنسانپەرۋەرلىك خىسلىتىنى يەنى بېيىغاندا نامراتلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىق، ئۆز ئېھتىياجلىرى بىلەن باشقىلارنىڭ كېمىنى ولۇقلاپ، ئۆزئارا قېرىنداشلىق مېھرىنى يەتكۈزۈش ۋە ئۆزئارا يار-يۆلەكتە بولۇشتەك ئېسىل خىسلەتلەرنى نامايان قىلىدىغان بۇ چوڭ پەرزگە قارىتا كىشىلەردە ئوخشىمىغان قاراشلارنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدى. بۇ، قىسمەن نەپسانىيەتچى مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ زاكات پېقىرنىڭ دېسە مانا مەن پېقىر دەپ ئۆزى تويسىمۇ كۆز تويماي، زاكاتنىڭ تېگىشلىك ئورۇنغا تېگىشكە تەسىر يەتكۈزۈۋاتقانلىقىدىن، شەخسىيەتچىلىك قىلىپ، زاكاتنى ئۆز ماھىيىتىدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىدىن بولۇۋاتىدۇ. بۇ شەخسنىڭ ھەرىكىتى بولۇپ، ئىسلام دىنى ۋە زاكاتنىڭ مەقسىتى ئەمەس. زاكاتنىڭ بىر بۆلۈك نەپسانىيەتچىلەرنى سەمرىتىشكە ئەمەس، بەلكى پېقىر-مىسكىنلەر، يوقسۇل-ئاجىزلارنىڭ، ھالال تۇرمۇش يولىدا قەرزدار بولۇپ ئېغىرچىلىقتا قالغانلارنىڭ ئېھتىياجىغا، خەلققە پايدىلىق بولغان ئاممۋى مۇئەسسەسىلەر (يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، سۇ ئىنشائاتى، مەدەنىيەت-مائارىپ قاتارلىقلار) گە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن كىشى، بۇ پەرزنىڭ ھەقىقەتەن يۇكسەك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ.

## 4. روزا تۇتۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **”ئىمان ۋە ئەجىر-ساۋاب ئۈمىدىدە رامىزان روزىسى تۇتقان كىشىنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەن (سادىر بولغان) گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ (گۇناھىدىن پاكلىنىدۇ)“** (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). بۇ چىن مەنىسىدىكى رامىزان روزىسى ئىنسانلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى ئىللەتلەردىن خالاس قىلىدۇ دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمىشقا شۇنداق دەيدۇ؟ بىز بۇ سوئالغا رامىزاننىڭ چىن ماھىيىتىنى، مەقسىتىنى ۋە شەئى تەلىپىنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تاپالايمىز ھەمدە ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىنسانىيەت پاكلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

روزا تۇتۇش دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئەرەبچە ئاتىلىشى ”سەۋم (صوم) بولۇپ، ”ئۆزىنى تۇتۇش، يىغىش ۋە يىغىلىش“ دېگەن مەنىدە. ناماز مەقبۇل بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى تاھارەت بولغىنىدەك، روزا تۇتۇشنىڭ شەرتى (نەپسانىيەتنى) تۇتۇش ۋە يىغىش. ماددىي جەھەتتە سۇھۇرلۇقتىن ئىپتارغىچە يېمەك-ئىچمەك، جىنسىي تۇرمۇشتىن ئۆزىنى تۇتسا، مەنىۋى جەھەتتە ئىككى دۇنيانىڭ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتسىز، ئىنسانىيەت مەنپەئىتىگە زىيانلىق سۆز-ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئۆزىنى يىغىش، ساختىلىق، يالغانچىلىق، غەيۋەت-شىكايەت، قىزىققانلىق قاتارلىق مەنىۋى ئىللەتلەردىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش

دېگەنلىكتۇر. مانا بۇ ئىككى شەرت ھازىرلىنىپ تۇتۇلغان روزا ئاللاتائالانىڭ نەزىرىدە مەقبۇل بولغۇسى، ئۇ ئىككى شەرتتىن بىرى كەم بولسا، ئوخشاشلا روزىنىڭ شەرتى ھازىرلانمىغان ھېسابلىنىدۇ-دە، بۇ روزا مەقبۇل بولمايدۇ، ئەلۋەتتە! چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”بىر كىشى روزا تۇتۇپ يالغان سۆزلەشنى ۋە يالغان سۆز بىلەن ئىش قىلىشنى تەرك ئەتمەيدىكەن، ئۇنىڭ تاماق يېمەي، سۇ ئىچمەي تۇتقان روزىسىغا ئاللا موھتاج ئەمەس“. دېمەك، بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنچىسى شەكىل بولسا، ئىككىنچىسى ماھىيەت. ھەرقانچە سەھەر تۇرۇپ روزا تۇتقان بىلەن ماھىيەت بولغان سۆز-ھەرىكەتنى ھارامدىن ساقلىمىغان، ھەر خىل مەنىۋى ئىللەتلەردىن خالاس بولالمىغان كىشى ماھىيەت ھاسىل قىلالمىغان بولىدۇ-دە، ئەجىردىن مەھرۇم قالىدۇ. بىر يىلدا بىر ئاي روزا تۇتۇش كىشىلەردە ھالال ياشاش، باشقىلارنىڭ نەرسىسىگە كۆز قىرىنى سالماسلىق، ئاللا بەرگەن نېمەتنىڭ قەدرىگە يېتىش، سەۋرچان، چىدامچان، غەيرەتلىك بولۇشتەك ئېسىل خىسلەتلەرنى يېتىلدۈرۈشتە چېنىقتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. يەنى، روزىدار مەزگىلدە كۆز ئالدىدا ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان شۇنچە ئېسىل نېمەت ۋە گۈزەل ئائىلىسى تۇرۇپمۇ، ئاللانىڭ ئەمرىنى تۇتۇش يۈزىسىدىن بۇلارغا كۆز قىرىنى سالماي، نەپسىنى يىغىۋېلىپ، ئىپتارنى كۈتۈپ بىر ئاي چېنىققان ئىنسان ئەلۋەتتە ئۆزىگە مەنسۇپ بولمىغان نەرسىگىمۇ نەزىرىنى سالمايدۇ ۋە قولىنىمۇ ئۇزاتمايدۇ. ”بارنىڭ قەدرىنى يوق بىلەر“ دېگەندەك، قورساق ئاچقاندا نېمەتنىڭ قەدرىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىپ، يوقسۇللارنىڭ ھالىنى ئەسكە ئالىدۇ-دە، بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلىشتىن ساقلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۆز ئېشىنچىلىرى بىلەن يوقسۇللارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان، ھاۋايى-ھەۋەس ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ پاك، ھالال ياشاشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، يۈكسەك مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىگىگە ئىگە ئېسىل خىسلەتلىك، پەزىلەتلىك ئادەم بولۇپ يېتىلىش پۇرستىگە ئىگە بولىدۇ.

## 5. ھەج قىلىش

ئاللاتائالا مۇنداق دېيدۇ: ”كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ ئىندا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرنى مىنىپ كېلىدۇ، ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دىنىي ۋە دۇنياۋى) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە (يەنى قۇربانلىق كۈنلىرىدە) ئاللا ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللارنى (يەنى تۆگە، قوي، ئۆچكىلەرنى ئاللانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) ئاللانىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ قۇربانلىق قىلسۇن. سىلەر قۇربانلىقلارنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، موھتاجغا، پېقىرغا بېرىڭلار“(22-سۈرە «ھەج»، 27—28-ئايەتلەر). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېيدۇ:”خۇددى ئوت تۆمۈرنىڭ قاسرىقىنى تۆكەتكەندەك، ھەج نامراتلىقنى تۆكىدۇ “(بەيھەقى رىۋايەت قىلغان). ”خۇدالىق ئۈچۈن ھەجگە بېرىپ، ھەج قىلىش جەريانىدا ھەجدە چەكلەنگەن ئىشلارنى ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلماي، ھەجنى تاماملاپ قايتسا، خۇددى ئانىدىن تۇغۇلغان كۈنىدىكىدەك، گۇناھتىن پاك بولۇپ قايتقان بولىدۇ“ (بۇ خارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

بىز يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەرگە چوڭقۇر نەزەر سالىدىغان بولساق، ئىسلام دىنىنىڭ بەشىنچى پەرزى بولغان بۇ ئالاھىدە شەرتلىك ھەج ئىبادىتىنىڭ (ئەگەر شەرىئەتنىڭ ئەسلى روھى ماھىيىتى بويىچە ئادا قىلىنسا)، ھەقىقەتەنمۇ «قۇرئان كەرىم»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك، ئىنسانلارنى دىنىي ۋە دۇنياۋى مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرەلەيدىغانلىقىنى، رەسۇلۇللا ئېيتقاندەك، ماددىي ۋە مەنىۋى نامراتلىقنى تۆكىتىپ، ئادەمنى

خۇددى ئانىدىن يېڭى تۇغۇلغان غۇبارسىز بالىدەك يېڭى قىياپەتتە هاياتلىققا قەدەم بېسىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنداقتا ئۇنىڭ قانداق شەرتلىرى بار؟ ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: **"قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللا ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى"**(3-سۈرە «ئال ئىمران»، 97-ئايەت). هەج قىلىشقا قادىر بولالىغان ئادەم دېگىنىمىزدە، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ زۆرۈر بولغان تۇرمۇش ئېهتىياجىنى تولۇق ئىقتىسادىي شارائىت بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلغاندىن كېيىنكى ئېشىنچا ئىقتىسادى (قەرزدار بولۇپ قالمىغان ئەهۋالدا) هەج قىلىپ كېلىشكە يەتكۈدەك بولغان، يول شارائىتى هازىرلانغان ۋە تېنى ساغلام بولغان ئادەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يۇقىرىقى شەرتلەرنى تولۇق هازىرلىيالىغان ئادەمنىڭ شەرىئەت روهى بويىچە قىلغان هەجى، يۇقىرىقى ئايەت ۋە هەدىسلەردە كۆرسىتىلگەندەك، شۇ ئادەمنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مراتلىقىنى تۆگىتىپ، ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك نېيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئەكسىچە، ئۇ شەرتلەرنى تولۇق هازىرلىيالمىغان كىشىنىڭ پەقەت قۇرۇق نام-ئاتاق ۋە ئابرۇي قوغلىشىپ ياكى باشقىلارنى دوراپ، ئائىلە ئىقتىسادى كاپالەتكە ئىگە بولمىغانلىقىنىڭ سىرتىدا قەرز ئېلىپ هەج قىلىشىنىڭ هېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: **"ئاللا هېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ"** (2-سۈرە «بەقەرە»، 286-ئايەت).

هەج ئىبادىتىدىكى هەربىر پائالىيەت شەكلى مەلۇم سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە، يەنى مەلۇم شەكىل ئارقىلىق مەلۇم ماهىيەت مەقسەت قىلىنىدۇ: بەيتۇللا ۋە سەفا-مەرۋەنى يەتتە قېتىمدىن ئايلىنىش ئارقىلىق تارىخنى ئەسلەپ، رەسۇلۇللا باسقان قەدەمنى بىر مۇ بىر بېسىشتەك سىمۋوللۇق هەرىكەتنى ئورۇنلاپ، ئۆزىمىزگە يۈكسەك بىر مەنىۋى روهنى مۇجەسسەملىسەك، شەيتانغا تاش ئېتىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا بولغان نەپرىتىمىزنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە روهىي دۇنيايىمىزدا مەۋجۇت بولغان شەيتانىي خىياللارنى ۋە مەنىۋى ئىللەتلەرنى ئەنە شۇ تاش بىلەن ئېتىپ تاشلاش ئارقىلىق شۇ سائەت، شۇ مىنۇتتىن باشلاپ روهىيتى ساغلام، يېپيېڭى ئادەم بولۇشنى مەقسەت قىلىمىز؛ دۇنيانىڭ هەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن جىنسى، ئىرقى، مىللىتى، تىلى، مەرتىۋىسى ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بىر مەقسەتتە ئەرەفات تېغىغا بېرىپ، دۇنيا ۋە مەرتىۋە پەرقلىرىدىن خالىي هالدا پاكلىقنىڭ سىمۋولى بولغان ئاق ئېهرامغا ئورىنىپ، ئوخشاش بىر شەكىلدە بىرلا مەيدانغا جەم بولۇشى بىزگە ئاخىرەتتىكى مەهشەرگاه مەيدانىنى تەسەۋۋۇر قىلغۇزسا، يەنە ئۇلارنىڭ پادىشاه-پۇقرا، ئەر-ئايال، ياش-قېرى، باي-كەمبەغەل، مەرتىۋىلىك-مەرتىۋىسىز دەپ ئايرىلماستىن ئوخشاش بىر ئادەملىك سالاهىيتى بىلەن (گەرچە تىللىرى ئوخشىمىسىمۇ" ) لەببەيك، لەببەيك، ئاللاهۇممەلەببەيك، ئاللاهۇ ئەكبەر" دېگەن ئوخشاش بىر سادانى ئورتاق ياڭرىتىپ، بىر مەقسەتتە ئوخشاش هەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى بىزگە ئاللاتائالا ئالدىدا هەممە ئادەمنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكىنى، دۇنيادىكى ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مەرتىۋە-سالاهىيەت ۋە يۇقىرى-تۆۋەنلىك پەرقىنىڭ پەقەت ۋاقىتلىق هادىسە ئىكەنلىكىنى تونۇشقا هەممە ئادەملەرنىڭ هامان بىر كۈنى سەپ-سەپ بولۇپ، خۇددى ئاشۇ هەج ۋاقتىدىكىدەك، هەممە پەرقتىن خالىي هالدا ئاللاتائالا ئالدىدا ئوخشاش بىر سالاهىيەتتە (بەندىلىك سالاهىيىتىدە) جەم بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغۇزىدۇ. مانا بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەن ئىنسان هەرقانداق دۇنياۋى پەرقتىن خالىي بولغان ئاشۇ چىن ئىنسانلىق هالىتىدە تۇرۇپ ئۆز قىلمىشلىرىغا تەۋبە قىلىپ، قايتىدىن يېڭى ئادەم بولۇشقا ئەهدە بېرىدۇ-دە، بۇ

ئارقىلىق رەسۇلۇللا ئېيتقاندەك، ئانىدىن تۇغما، غۇبارسىز، پاك ھالەتكە كېلىدۇ. دېمەك، ھەج پائالىيىتى شەكىللىرى ئارقىلىق يېتەرسىزلىك ۋە گۇناھلىرىمىزغا تەۋبە قىلىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى ئىللەتلەردىن قول ئۈزۈپ، يېڭىدىن ئادەم بولۇشتىن ئىبارەت ماھىيەتكە يېتىش مەقسىتىگە ئېرىشەلەيمىز. ھەج قىلغان كىشى شۇ ماھىيەتنى قەدىرلەپ، ئەرەفات تېغىدا ئاللاتائالاغا بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرۇپ، روھىي دۇنياسىدىكى شەيتانىي خىيال ۋە مەنىۋى ئىللەتلەرنى مىنادا شەيتانغا ئاتقان تاش بىلەن قوشۇپ ئېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا روھىي دۇنياسىدىن قايتا ئورۇن بەرمەسلىككە تىرىشسا، ئۇ كىشى ھەقىقەتەن رەسۇلۇللا ئېيتقاندەك، ئانىدىن تۇغما، گۇناھتىن پاك ئادەم بولالايدۇ. ئەكسىچە، ئۇ كىشى شەكلەن ھەج بىلەنلا چەكلىنىپ، شەكلىنى دەستەك قىلىۋېلىپ، بارلىق گۇناھتىن خالاس بولدۇم دەپ، ماھىيەتنى قەدىرلىمىسە، ئاللانىڭ ئەمرىنى تۇتمىسا، چەكلىمىسىدىن يانمىسا، ماددىي ۋە مەنىۋى ئىللەتلەردىن قول ئۈزمىسە، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ قىلغان ھەجى بەرىبىر نەتىجىسىز سايىھەتلا بولىدۇ، خالاس. چۈنكى، ماھىيەتسىز ئەمەل شەكىلدىنلا ئىبارەت، نەتىجە ماھىيەتكە مەنسۇپ.

ھەج پائالىيىتى خەلقئارالىق، ئېچىۋېتىش خاراكتېرلىك ئىبادەت بولۇپ، دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدىغان كاتتا سورۇنىدۇر. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ”ھەج نامراتلىقنى تۈگىتىدۇ“ دېگەن سۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. چۈنكى، ئېچىۋېتىشنىڭ ئىنسانىيەتكە نەقەدەر زور تەرەققىياتلارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. كۆرگەندە بىلگىلى، سېلىشتۇرغاندا پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ، ئەمەسمۇ! ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيدۇ: ”**پەرۋەردىگارىڭلاردىن (ھەج مەۋسۇمىدە تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ**“ (2-سۈرە «بەقەرە»، 198-ئايەت). ئاللاتائالا بۇ ئايەتتە ھەج پائالىيىتى باشلىنىش ئالدىدا ۋە تاماملانغاندىن كېيىنلا، ئىككى دۇنيالىق بەختنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسى بولغان ھالال مېھنەت، سودا-سېتىق، ئىش-ئەمگەك، ھۈنەر-كەسىپ ۋە ئىلىم-مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تىرىشىپ ئىزدىنىشكە بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان.

ئىسلام دىنىدىكى يۇقىرىقى بەش پەرز ۋە باشقا ئەمەل-ئىبادەتلەر شەكىل جەھەتتىن پەرقلەنسىمۇ، ئۇلارنىڭ ماھىيىتىدە بىر ئورتاقلىق بار، ئۇ بولسىمۇ، يۇقىرىدا «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ۋە رەسۇلۇللا ھەدىسلىرىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانىيەت مەنىۋى دۇنياسىنىڭ يادروسى ھەم ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ساغلام، تەڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇھىم مىزانى ۋە كاپالىتى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت. بىز مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن ھەر تۈرلۈك ئەمەل-ئىبادەتلەرنى شەكلەن ئېلىپ بارماي، بەلكى ھەقىقىي، چىن روھىي ماھىيىتى بويىچە ئېلىپ بارىدىغانلا بولساق، چوقۇم ساغلام بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلالايمىز ھەمدە ئاللا ياراتقان بۇ ماددىي دۇنيادىن توغرا، يۈكسەك مەنىۋى ئاڭ ئارقىلىق ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشالايدىغان ياراملىق ئادەم بولۇپ، ھەر ئىككى ئالەمدە كۆزلىگەن مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇستازى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى.)

# ئىسلام دىنى، كائىنات ۋە مۇقەددەس سان "يەتتە"

□ مۇختارجان ياقۇپ

يەتتە — ئىسلام دىنىدىكى ۋە كائىناتتىكى مۇقەددەس ساندۇر. كۆپلىگەن مىللەتلەر يەتتىنى ئۇلۇغلايدۇ. ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەن ساھەسىدىمۇ يەتتىگە ئالاقىدار نۇرغۇن بىلىملەر بار. ئىسلام دىنىدىكى، تۇرمۇشىمىزدىكى ۋە تۈرلۈك پەن ساھەلىرىدىكى سان جەھەتتىكى بۇ خىل ئوخشاشلىق ۋە ماس كېلىش كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

مەن تۆۋەندە ئىسلام دىنىدىكى ۋە باشقا ساھەدىكى يەتتىگە ئالاقىدار مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

بىرىنچى، ئىسلام دىنىدا:

1. «قۇرئان كەرىم» دىكى بىرىنچى سۈرە — «فاتىھە سۈرىسى» يەتتە ئايەتتىن تەركىب تاپقان. «قۇرئان كەرىم» دىكى 15-سۈرە «ھىجر» دە، «سۈرە فاتىھە» نىڭ يەتتە ئايەت ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەن.

2. ئىمانى مۇپەسسەل «يەتتە ئىمان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇلار: 1) ئاللاتائالانىڭ بارلىقى (ھەقلىقى) ۋە بىرلىكىگە ئىشىنىش؛ 2) ئاللاتائالانىڭ پەرىشتىلىرىگە ئىشىنىش؛ 3) ئاللاتائالانىڭ ھەممە كىتابلىرىغا ئىشىنىش؛ 4) ئاللاتائالانىڭ ھەممە پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىش؛ 5) دۇنيادا قىلغان ياخشىلىق ۋە يامانلىقلىرىمىزغا ساۋاب ياكى ئازاب بېرىلىدىغان كۈننىڭ بارلىقىغا (قىيامەت كۈنىگە) ئىشىنىش؛ 6) ھەممە ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاتائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش؛ 7) ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ھەق دەپ ئىشىنىش.

3. «قۇرئان كەرىم» دە "يەتتە ئاسمان"، "يەتتە ئىقلىم"، "جەننەتنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بار"، "يەتتە يۈز ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ" دېگەن سۆزلەر بار.

4. دوزاخ يەتتە دېيىلىدۇ. بۇلار: 1) بادىيە؛ 2) لەزى؛ 3) سەقەر؛ 4) سەمەر؛ 5) جەھەننەم؛ 6) سىججىين؛ 7) دۇنەم.

5. نوھ ئەلەيھىسسالام توپان بالاسى بېسىقىپ قاندىن كېيىن چوڭ كېمىنى ھەيدەپ، جۇدى تېغىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ، ئاندىن قۇرۇقلۇققا قەدەم باسقانىكەن.

6. ھەج داۋامىدا ھاجىلار كەئبىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىدۇ.

7. ھەج مەزگىلىدە ھاجىلار سەفا، مەرۋە تاغلىرى ئارىلىقىدا يەتتە قېتىم سەئيە قىلىدۇ (يۈگۈرۈپ ماڭىدۇ).

8. ناماز ئوقۇغاندا يەتتە ئەزا (بۇرۇن، ئىككى ئالقان، ئىككى تىز، ئىككى پۇتنىڭ ئۇچى) سەجدە قىلىدۇ (يەنى يەرگە تېگىدۇ).

9. ھەرەم مەسچىتىنىڭ يەتتە مۇنارى بار.

10. قۇربان ھېيت نامىزىغا بارغۇچە يەتتە يەردە تەكبىر ئېيتىپ بارىمىز.

11. قەبرىستانلىقتا چاممىغا «سۈرە ئىخلاس» نى يەتتە قېتىم ئوقۇپ ھۈرۈپ، قەبرە ئاغزىغا تىزىمىز.

12. يەتتە كۈندىن كېيىن مېيىتنىڭ نەزىرىسىنى قىلىمىز.

13. جۈمە نامىزىنى بىر ئادەم يالغۇز ئوقۇشقا توغرا كەلسە، ئىككى يانغا ئۇچتىن جەمئىي ئالتە تال (دانە) پاكىز نەرسىنى تىزىپ، سانىنى ئۆزى بىلەن يەتتىگە تولدۇرۇپ ئاندىن ئوقۇيمىز.

14. ئىت يالاپ قويغان تاماق قاچىسىنى

يەتتە قېتىم يۇيىمىز.

15. "سۇ يەتتە يۇملىسا هالال"، "يەتتە يېشىدا سۈننەت تويى قىلىش"، تەسەۋۋۇپتا "دۇئا ئوقۇش ئۈچۈن يەتتە مازارنىڭ توپىسىنى، يەتتە قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچىنى، يەتتە كۆلنىڭ سۈيىنى، يەتتە خىل مېۋىلىك، يەتتە خىل مېۋىسىز دەرەخنىڭ شېخىنى، يەتتە بۇلاقنىڭ سۈيىنى تەييار قىلىش" دەيدىغان گەپلەر بار.

**ئىككىنچى، تۇرمۇشىمىزدا:**

1. بىر ھەپتە يەتتە كۈن.
2. پىياز يەتتە قات بولىدۇ دېيىلگەن.
3. يەر شارىدا يەتتە قىتئە بار.
4. خەلق قوشاقلىرى ئاساسەن يەتتە بوغۇملۇق مىسرالاردىن تەركىب تاپقان.
5. مۇزىكىدا يەتتە ئاھاڭ تىزمىسى بار.
6. سۆگەلنى داۋالاشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى: يەتتە دانە تۇخۇمنى ئاچچىقسۇغا يەتتە كۈن چىلاپ قويۇپ، كۈنگە بىرنى پىشۇرۇپ يېيىش.
7. ئادەمنىڭ باش قىسمىدا يەتتە تۆشۈك بار.
8. ئادەمدە خۇشاللىق، ئاچچىق، غەم، ئوي، قايغۇ، ۋەھىمە، چۆچۈش قاتارلىق يەتتە خىل روھىي ھالەت بولىدۇ.
9. سەھەر ۋاقتى سائەت يەتتىدە ئادەم بەدىنىنىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش كۈچى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ.
10. ئادەم تېنىدىكى سۇ مولېكۇللىرى ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم يېڭىلىنىدۇ.
11. «ئادەم بەدىنىدىكى ئاجايىپ ‹يەتتە رىتىم›» دېگەن ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئادەم تېنىدە كىشىلەرگە بىرقەدەر يات بولغان "يەتتە رىتىم"لىق سائەت بار. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئەگەر ئادەمنىڭ ھاياتلىق پائالىيەتلىرىدىكى بۇ خىل رىتىملارنىڭ سىرى يېشىلسە، قانداق ۋاقىتتا چېنىقىش، قانداق ۋاقىتتا دورا ئىشلىتىش، قانداق ۋاقىتتا ئوپېراتسىيە قىلىش ۋاقىتلىرىنى ئالدىن بەلگىلىگىلى بولىدىكەن. تېببىي ئىلىمدا "يەتتە رىتىم" توغرىسىدا خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. مىسىرلىقلار نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى، ئادەم بەدىنىدە نۇرغۇن فىزىئولوگىيىلىك رىتىمنىڭ بولىدىغانلىقىنى بايقىغان بولۇپ، ئۇلار "يەتتە كۈنلۈك سېھرىي كۈچ تەلىماتى" دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭدا يەتتە كۈندە قايتىلىنىش دەۋرى بولىدۇ دەپ قارالغان. ھازىرقى زامان تېببىي ئىلمىمۇ قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ بۇ خىل بايقىشى ئەمەلىيەتكە ناھايىتى يېقىن دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىنغاندىن كېيىن يارا ئېغىزىنىڭ پۈتۈپ، يېپىنى ئېلىۋېتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى ئوپېراتسىيە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىنكى 7-كۈنى ھېسابلىنىدۇ. ئەزالارنى كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيىسىدە دائىم چەتكە قېقىش ھادىسىلىرى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ ھادىسىلەر ئوپېراتسىيە قىلىنىپ 7-كۈنى، 14-كۈنى ($7\times 2=14$)، 21-كۈنى ($7\times 3=21$)، 28-كۈنى ($7\times 4=28$) يۈز بېرىدۇ. يەتتە بىلەن ئادەمنىڭ ياش باسقۇچىدىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق تاسادىپىي ماس كېلىشلەر بولىدۇ. مەسىلەن، بوۋاق مەزگىل $7\times 1=7$ ياشقىچە؛ بالىلىق مەزگىل $7\times 2=14$ ياشقىچە؛ ياشلىق مەزگىل $7\times 4=28$ ياشقىچە؛ ئوتتۇرا ياشلىق مەزگىل $7\times 7=49$ ياشقىچە؛ ھەيز كېسىلىش دەۋرى $7\times 9=63$ ياشقىچە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئادەمنىڭ روھىي ھالىتى ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى يەتتە يىلنى بىر دەۋر قىلغان "يەتتە رىتىم" بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئالىملارنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئادەمنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى گەرچە ھەر ۋاقىت ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بولسىمۇ، بىراق كۆپ

ساندىكى كىشىلەر يەتتە يىلنى بىر دەۋر قىلىپ ئۆزگىرىدۇ، پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر سەككىز يىلنى بىر دەۋر قىلىدۇ. ھەربىر دەۋر ئىچىدە ئادەمنىڭ سالامەتلىكى، كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە ئەقىل-پاراسىتى قاتارلىقلار ياخشىلىنىش ۋە ئاجىزلىشىش جەريانلىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. يەتتە يىلنى رىتىم قىلغان دەۋردىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئاجىزلىشىش يېشى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1، 7، 21، 28، 35، 42، 49، 63، 70، 77، 84، 91 ... بولىدۇ. كىشىلەر "يەتتە رىتىم"غا سەل قارىماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئۇ ئۇزاق مۇددەتلىك كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىلمىي ئۇقۇم ھېسابلىنىدۇ.

12. سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ بويۇن ئومۇرتقا سۆڭىكىنىڭ سانى ئۇنىڭ بويىنى مەيلى ئۇزۇن ياكى قىسقا بولسۇن، ئومۇمەن يەتتە تال بولىدۇ. ئادەمنىڭ بويۇن ئومۇرتقا سۆڭىكىمۇ يەتتە تال.

13. ئۇيغۇرلاردا مۇنداق ماقال-تەمسىللەر بار: "يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس"، "يېتىمنىڭ قارنى يەتتە"، "بارمىمەن دېگەن يەرگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ"، "ئىنساپسىزنى بىر قوشۇق ئوتلا دېسە، يەتتە قوشۇق ئوتلاپتۇ".

14. چۆچەك، رىۋايەتلەردە يەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: "يەتتە باشلىق يالماۋۇز"، "يەتتە پاپا ۋە قار مەلىكە"، "يەتتە ئاشىق-مەشۇق"، "يەتتە تاغنىڭ نېرىسىدا"، "يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە"، "يەتتە كېچە-كۈندۈز"، "دىۋىنىڭ جېنى يەتتە يەرگە بەنت قىلىنغان ئىكەن"، "يەتتە پەرىزات"، "يەتتە باتۇر" ...

15. سامان يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئىككى يورۇق يۇلتۇز بولۇپ، نامى "پادىچى يىگىت" ۋە "توقۇمىچى قىز" يۇلتۇزى. ئۇلار ھەر يىلى 7-ئاينىڭ 7-كۈنى يېقىنلىشىدۇ.

**ئۈچىنچى، ئىلىم-پەن ۋە كائىناتتا:**

1. 1993-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ياپونىيىنىڭ 18 ئالىمى بىرلىكتە ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات ساھەلىرىدىن رىقابەت خاراكتېرىگە ئىگە يەتتە تېمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى 21-ئەسىردىكى ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى "يەتتە سىر" دەپ ئاتىغان، ئۇلار:
1) گۈل ۋە كېپىنەك؛ 2) ياشاش ۋە ئۆلۈش؛
3) ئەقلىيەت ۋە جىسمانىيەت؛ 4) ئوت ۋە سۇ؛
5) مەنپىي ۋە مۇسبىي؛ 6) مەۋھۇم ۋە ئەمەلىي؛
7) ئەر ۋە ئايال.

2. 1985-يىلى 7-ئايدا ئالەم بوشلۇقىغا چىقىرىلغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالەم ئۇچقۇچىلىرى توساتتىن كۈچلۈك چىراغ نۇرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالەم كېمىسىنى پۈتۈنلەي قورشىۋالغانلىقىنى كۆرگەن. بۇ يورۇقلۇق "يەتتە" غايەت زور ئادەم سىياقىدىكى جىسىمدىن تارقالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەدىنىدە دۈگىلەك نۇر چەمبىرىكى بار ئىكەن.

3. پلېيادىس يۇلتۇزلار توپىدا نۇرغۇنلىغان يۇلتۇزلار بار. كۆزى ئۆتكۈر ئادەم ئۇنىڭدىكى يەتتە يۇلتۇزنى كۆرەلەيدۇ. كىشىلەر بۇ يۇلتۇزلارنى يەتتە ئىگىچە-سىڭىل دەپ ئاتىشىدۇ.

4. شىمالىي ئاسمان بوشلۇقىدا يەتتە يورۇق نۇرغۇن يۇلتۇز بار، نامى يەتتە تىكەن يۇلتۇز.

5. قۇياش سىستېمىسىدىكى توققۇز چوڭ پلانېتىنى سىرتتىن قۇياشقا قاراپ تىزساق:
1) پىلۇتون، 2) نېپتون، 3) ئۇران، 4) ساتۇرن، 5) يۇپىتېر، 6) مارس، 7) يەر شارى، 8) ۋېنېرا، 9) مېركۇرىي. دەل يەتتىنچىسى—ئىنسانلار ياشاۋاتقان يەر شارى.

6. قۇياش نۇرى يەتتە خىل رەڭلىك نۇرنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. (ئاخىرى 8-بەتتە)

# «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشى

△ نەزىرە مۇھەممەت سالىھ

«قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندىن باشلاپ تا ھازىرغىچە 1400 يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما مۇسۇلمانلار قەلبىدە ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز ئۇلۇغ كۈچ-قۇدرىتىنى ۋە رولىنى يوقاتماي كەلمەكتە. ئۇ ھەممىنى كونىراتقۇچى ۋاقىت ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئوقۇغانسىرى يېڭىچە مەنىلەرنى ئاتا قىلىشتەك قۇدرەت ۋە تىل، شەرىئەت، ئىلىم-پەن جەھەتتىكى مۆجىزىلىرى بىلەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ دىنشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك تەتقىقات تېمىسى بولۇپ كەلمەكتە. «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشى «قۇرئان كەرىم» ھەققىدىكى باشقا تېمىلارنى تەتقىق قىلىشتا ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان تۈنجى ۋە ھالقىلىق تەتقىقات مەسىلىسىدۇر.

## «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

قۇرئاننىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى ۋە مۇشۇ ئاساستىكى ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك قوش يۆنىلىشلىك مەسىلە بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندىكىدەك نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالانىڭ ۋەھيىسى بويىچە، ئەينى ۋاقىتتىكى بۇتپەرەسلىك، نادانلىق، جاھىلىيەت بىلەن تولغان ئەرەب جەمئىيىتىدە زور جۈرئەت ۋە جاسارەت بىلەن ھەق دىنغا دەۋەت قىلىشنى باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ، بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. بارا-بارا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپەيدى. ئىسلام دىنى دىل بىلەن ئىمان ئېيتىشنىلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكەتنى ئارقىلىق ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان دىن ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بېرىۋاتقان تۈرلۈك ھادىسىلەرگە ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت نۇقتىسىدىن توغرا يول كۆرسىتىش يۈزىسىدىن، بىرەر ھادىسە، ۋەقە يۈز بەرگەندە، شۇ توغرىدا «قۇرئان كەرىم» دىن مەلۇم ئايەتلەر نازىل قىلىناتتى.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزگۈچى ھەق پەيغەمبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىلەر سورىغان تۈرلۈك مەسىلىلەرگە ئىسلام شەرىئىتى بويىچە پەتىۋا بەرگۈچى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مانا مۇشۇنداق بىرەر مەسىلە توغرىسىدا كىشىلەردىن سورالغان چېغىدا، ئۇنىڭ بۇ ھەقتە توغرا ھۆكۈم بايان قىلىشى ئۈچۈن قۇرئاندىن ئايەتلەر نازىل قىلىناتتى. مەسىلەن، ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىكى ئەرەب جەمئىيىتىدە ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشنى باشلىغاندىن كېيىن، كىشىلەر بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاراق ۋە قىمارنىڭ كىشىلەرگە جىسمانىي، روھىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە كەلتۈرىدىغان زىيان ۋە بالايى-ئاپەتلىرى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھارام قىلىنغانلىقى بايان قىلىنىپ، قۇرئاندا تەدرىجىي يوسۇندا مۇنۇ ئايەتلەر نازىل بولغان: **"(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: 'بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددىي) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ دېگىن' "** (2-سۈرە «بەقەرە»، 219-ئايەت).

**"ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار،**

**نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە، جۇنۇپ بولساڭلار، — يول ئۈستىدە بولغانلار (بۇنىڭدىن) مۇستەسنا، — غۇسۇل قىلمىغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار"** (4-سۈرە «نىسا»، 43-ئايەت). **"ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار"** (5-سۈرە «مائىدە»، 90-ئايەت).

3. «قۇرئان كەرىم» نىڭ نازىل قىلىنىشىدىكى تېخىمۇ مۇھىم بىر سەۋەب، ئىنسانىنى، كىشىلىك ھاياتتىكى تۈرلۈك خاتا، قىڭغىر يوللاردىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇنى مەڭگۈلۈك ھىدايەت ۋە بەخت-سائادەت يولىغا باشلاش بولۇپ، ئۇنىڭدا تەۋھىد، ئىمان، ئىسلامنىڭ پەرز-ئەھكاملىرى، ئاللاتائالانىڭ شەخسىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ نورمال ھاياتى ئۈچۈن بەلگىلىگەن شەرىئەتلىرى تەبىئىي رەۋىشتە پاساھەتلىك تىل ۋە گۈزەل ئۇسلۇب بىلەن بايان قىلىپ بېرىلگەن. شۇڭا قۇرئاندىكى ھەربىر ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ نازىل قىلىنىشىنى بىرەر ۋەقە-ھادىسە ياكى مەسىلىلەر ھەققىدە سورالغان سوئاللار بىلەنلا باغلاپ چۈشەنمەستىن، بەلكى ئۇنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەڭ مۇھىم مەقسەت ئۈچۈن نازىل قىلىنغانلىقىنى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. بۇ ھەقتە ئىسلام ئالىمى جەئبەرى مۇنداق دېگەن: "«قۇرئان كەرىم» چوڭ ئىككى تۈر بويىچە نازىل بولغان، بىر تۈرى ۋەقە-ھادىسە ۋە سوئاللار بىلەن مۇناسىۋەتسىز ھالدا مۇستەقىل نازىل قىلىنغان؛ يەنە بىر تۈرى يۈز بەرگەن ۋەقە-ھادىسە ياكى سورالغان مەسىلىلەر ئاساسىدا نازىل قىلىنغان".

**«قۇرئان كەرىم» نىڭ نازىل بولۇش باسقۇچلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى ھېكمەت**

ئاللاتائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن لەۋھۇلمەھپۇزغا پۈتۈلگەن «قۇرئان كەرىم» يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلگىچە ئىككى باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، بىرىنچى باسقۇچىدا رامىزان ئېيىنىڭ قەدىر كېچىسى ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدىن دۇنيا ئاسمىنىغا بىر يولىلا تولۇقى بىلەن چۈشۈرۈلگەن. بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلگەن: **"رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر"** (2-سۈرە «بەقەرە»، 185-ئايەت). **"بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدىردە نازىل قىلدۇق"** (97-سۈرە «قەدىر»، 1-ئايەت). **"بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن مۇبارەك كېچىدە (يەنى شەبى قەدىر كېچىسىدە) نازىل قىلدۇق"** (44-سۈرە «دۇخان»، 3-ئايەت). ئىككىنچى باسقۇچتا «قۇرئان كەرىم» دۇنيا ئاسمىنىدىنى يەر يۈزىگە 23 يىل جەريانىدا پارچە-پارچە ھالدا تەدرىجىي نازىل بولۇپ مۇكەممەل تاماملانغان. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلگەن: **"قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە-دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ-بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجىي نازىل قىلدۇق"** (17-سۈرە «بەنى ئىسرائىل (ئىسرا)»، 106-ئايەت). مەشھۇر ئىسلام ئالىمى جالالىددىن سۇيۇتى ئۆزىنىڭ «ئىتقان» يەنى «ئىتقان فى ئۇلۇمىل قۇرئان» ("قۇرئان ئىلمىدىكى مۇكەممەللىك") دېگەن مەشھۇر كىتابىدا ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ھەقتىكى مۇنۇ سۆزىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ: "«قۇرئان كەرىم» رامىزان ئېيىنىڭ قەدىر كېچىسىدە بىر يولىلا، تولۇقى بىلەن دۇنيا ئاسمىنىغا نازىل قىلىنغان. ئاندىن كېيىن 20 نەچچە يىل جەريانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پارچە - پارچە ھالدا نازىل قىلىنغان". ئىككىنچى باسقۇچتا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بىلەن قۇرئاننى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام 23 يىل جەريانىدا بۆلۈپ-بۆلۈپ تەدرىجىي ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان بولۇپ، بۇ بىرىنچى باسقۇچتىكى بىر يولىلا تولۇقى بىلەن نازىل بولۇشتىن پەرقلىنىدۇ. ئاللاتائالا تەرىپىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان «تەۋرات»،

«ئىنجىل»، «زەبۇر»غا ئوخشاش ساماۋى كىتابلار بىر قېتىمدىلا تولۇقى بىلەن نازىل قىلىنغان، ئەمما «قۇرئان كەرىم» بۆلۈپ-بۆلۈپ، تەدرىجىي ھالدا نازىل قىلىنغان. بۇنداق نازىل قىلىنىش ھېچقانداق سەۋەبسىز، تاسادىپىي بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا پەرۋەردىگارنىڭ چوڭقۇر ھېكمىتى ۋە ئۇلۇغ قانۇنىيىتى بار ئىدى:

1. قۇرئاننىڭ پارچە-پارچە ھالدا بۆلۈپ نازىل قىلىنىشىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي دەۋەت يولىدىكى ئىرادىسىنى مۇستەھكەم، قەدىمىنى پۇختا قىلىش مەقسەت قىلىنغانىدى. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دە ناھايىتى ئېنىق ھالدا مۇنداق دېيىلگەن: **"كاپىرلار: 'قۇرئان نېمىشقا ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنمىدى؟' دېدى. سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن ئۇنى پارچە-پارچە نازىل قىلدۇق، ئۇنى ئايرىم-ئايرىم نازىل قىلدۇق"** (25-سۈرە «فۇرقان»، 32-ئايەت). ئەينى دەۋردىكى نادانلىق، جاھىللىق، مەنمەنلىك يامرىغان ئەرەب جەمئىيىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەردىن ناھايىتى كۆپ ئېغىر ئەززىيەتلەرنى چەككەنىدى. ئۇنى يالغانغا چىقىرىش، يەكلەش ۋە ھاقارەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈرىكىنى سىقىپ مەيۈسلەندۈرەتتى. پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ ھەق پەيغەمبىرىنى بۇ خىل غەم-قايغۇ، مەيۈسلۈكتىن خالاس قىلىپ، سەۋرگە ئۈندەش، ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىش، ئۇنىڭ دىنىي دەۋەت يولىدىكى ئىرادىسىنى مۇستەھكەملەش، ئاللانىڭ ھەق دىنىنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى بەش، ئون ئايەتتىن بۆلۈپ ۋاقتى-ۋاقتىدا نازىل قىلىپ تۇراتتى. تۆۋەندىكى ئايەتلەردىن بىز بۇ خىل مەزمۇننى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز: **"ئۇلارنىڭ سۆزى سېنى قايغۇغا سالىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، ئۇلار سېنى (ئىچىدە) ئىنكار قىلمايدۇ، (لېكىن ئۇلار تەرسالىقتىن ئىنكار قىلىدۇ)، (ھەقىقەتتە) زالىملار ئاللانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىندى، ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى، ئاخىر ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى"** (6-سۈرە «ئەنئام»، 33—34-ئايەتلەر). **"(ئى مۇھەممەد!) سەن (مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن"** (46-سۈرە «ئەھقاف»، 35-ئايەت).

2. ئاللاتائالانىڭ ھەربىر شەيئىنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتىگە مۇناسىپ ھېكمەت بىلەن قۇرئاننى بۆلۈپ-بۆلۈپ نازىل قىلىشى كىشىلەرنىڭ قۇرئاننىڭ چوڭقۇر مەنىلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىپ ئويلىنىشى، ئەتراپلىق پىكىر قىلىشى ۋە ئەقىل ئاساسىدا ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشى ۋە قۇرئاننى يادلىۋېلىشى ئۈچۈن ئەڭ توغرا يول ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدىكى ئەرەب جەمئىيىتىدە نادانلىق ۋە ساۋاتسىزلىق ھۆكۈمران ئورۇندا بولۇپ، كىشىلەر ئوقۇشنى، يېزىشنى بىلمەيتتى. شۇڭا بۇ ھەقتە قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن: **"ئاللا ئۇممەتلەرگە (يەنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۇقمايدىغان ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتى، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى) ئۆگىتىدۇ، گەرچە ئۇلار ئىلگىرى ئوچۇق گۇمراھلىقتا بولسىمۇ"** (62-سۈرە «جۇمۇئە»، 2-ئايەت). مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا قۇرئان بىر يولىلا تولۇق ھالدا نازىل قىلىنسا، ئۇنىڭ چوڭقۇر، ھېكمەتلىك مەنىلىرىنى ئويلاش ۋە پىكىر قىلىپ چۈشىنىش، يادلاش ئوقۇمىغان كىشىلەرگە ئەلۋەتتە ئېغىر كېلەتتى. ئەينى ۋاقىتتا ساھابىلەر بۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلغاچقا، قۇرئاننىڭ ھەربىر ئايىتى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا مەھكەم ئورناشقانىدى. تابىئىنلاردىن بولغان ئەبى نەززە مۇنداق دېگەن: "ئەبۇ سەئىد خۇدرى بىزگە قۇرئاندىن چۈش ۋاقتىدا بەش ئايەت، كەچتە بەش

ئايەت ئۆگىتەتتى ۋە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى بەش ئايەت، بەش ئايەتتىن ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەتتى».

3. قۇرئاننىڭ پارچە-پارچە هالدا بۆلۈپ نازىل قىلىنىشىدا، يۈز بەرگەن ۋەقە-هادىسىلەرگە ماسلىشىش ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ پەيدىنپەي مۇكەممەللىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي هاياتىنىڭ هەربىر كۆرۈنۈشلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى مەقسەت قىلىنغانىدى. كىشىلەرنى زامانلاردىن بىرى ۋۇجۇدىغا سىڭگەن جاهىلىيەتنىڭ يامان ئادەت، ئەخلاقلىرىدىن تەدرىجىي قول ئۈزدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ دىلىغا ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ئورنىتىش، شەرىئەتتە پەرز قىلىنغان ناماز، روزا، زاكاتلارنى ئاستا-ئاستا ئورنىتىپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىنىڭ تەربىيىسىدە تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈش پەقەت مۇشۇ يول ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشاتتى. ئاللاتائالا بەندىلەرنىڭ هەر ئىككى دۇنيالىق مەنپەئىتىگە پايدىلىق بولغان شەرىئەت ئەهكاملىرىنى بىرلا قېتىمدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە ئەڭ مەلۇملۇق بولغان ئىنسان تەبىئىتىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئاز-ئازدىن، تەدرىجىي قوبۇل قىلالايدىغان دەرىجىدە نازىل قىلدى. بىز قۇرئاندىكى مەزمۇنلارنىڭ نازىل قىلىنىش تەرتىپىگە قارايدىغان بولساق، قۇرئان دەسلەپتە كىشىلەرنى ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈشتەك زور گۇناهتىن چەكلەپ، نۇرغۇن پاكىتلار بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئاللانىڭ بىرلىكىگە مايىل قىلىش، دىنىنىڭ تۈپ ئاساسلىرىدىن بولغان قىيامەت، تىرىلىش، هېساب-كىتاب، دوزاخ، جەننەت هەققىدىكى بايانلاردىن باشلانغان. ئاندىن تەدرىجىي هالدا ئىبادەت قىسمىغا يۆتكەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام هىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى ناماز پەرز قىلىنغان، هىجرىيىنىڭ 2-يىلى زاكات ۋە رامىزان روزىسى، هىجرىيىنىڭ 6-يىلى هەج پەرز قىلىنغان. پەرۋەردىگارنىڭ هاراقنىڭ هاراملىقى توغرىسىدىكى هۆكۈمىنىڭ «بەقەرە»، «نىسا»، ۋە «مائىدە» سۈرىلىرىدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم نازىل قىلىنىشمۇ دەل بۇنىڭ مىسالىدۇر.

4. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايرىم-ئايرىم نازىل قىلىنىشى ئۇنىڭ هەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، هەممىنى بىلگۈچى هېكمەت ئىگىسى ئاللاتائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان هەق كىتاب ئىكەنلىكىنىڭ ئېنىق دەلىلىدۇر. قۇرئان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەزىدە بىر ئايەت ياكى بەش ئايەتتىن ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردا نازىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ تولۇق نازىل بولۇپ تاماملىنىشىغا 23 يىل ۋاقىت كەتكەن. ئوخشىمىغان ۋاقىت ۋە دەۋرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتتا نازىل قىلىنغان قۇرئان تۈزۈلۈش جەهەتتىكى پۇختىلىقى، مەنە جەهەتتىكى بىردەكلىكى، ئايەتلەر ۋە سۈرىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشىنىڭ چىڭسىلىقى، ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزئارا ماسلاشقانلىقى بىلەن ئاجرالماس بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئوخشايدۇكى، بۇ هەق كىتابنى پەرۋەردىگارغا مەنسۇپ قىلماسلىقتەك شەك-شۈبھىنى تامامەن يوق قىلىدۇ. هەربىر ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن ئېنىقكى، شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت، ئوخشىمىغان دەۋرلەرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان، كائىنات ۋە ئىنسان هاياتىدىكى ئەڭ زور مەسىلىلەردىن ئەڭ ئۇششاق مەسىلىلەرگىچە تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ مۇقەددەس كىتاب بەزىلەر گۇمانلانغاندەك ئىنسان تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بولسا، ئەلۋەتتە ئۇ بىز هازىر كۆرۈۋاتقان قۇرئاندىن پەرقلىق هالدا، مەنە، شەكىل، ئۇسلۇب ۋە باغلىنىش جەهەتتە خىلمۇخىللىق، ئۆزئارا ماسلاشماسلىق ۋە زىتلىققا ئىگە بولغان بولاتتى. بۇ هەقتە قۇرئاندا ئېنىق هالدا مۇنداق دېيىلگەن: **"ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئەگەر قۇرئان (مۇشرىكلار بىلەن مۇناپىقلار گۇمان قىلغاندەك) ئاللادىن غەيرىنىڭ تەرىپىدىن بولغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى"** (4-سۈرە«نىسا»، 82-ئايەت). **"ئەلىف، لام، را. بۇ، هېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، هەممىدىن خەۋەردار ئاللا تەرىپىدىن نازىل بولغان، ئايەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشى پۇختا، (ئەقىدە، ئەهكام، ۋەز ۋە قىسسە-**

لەر) تەپسىلي بايان قىلىنغان كىتابتۇر"(11-سۈرە «هۇد»، 1-ئايەت).

**ئەڭ ئاۋۋال ۋە ئەڭ ئاخىرى نازىل قىلىنغان ئايەتلەر**

«قۇرئان كەرىم» دىكى ئەڭ ئاۋۋال ۋە ئەڭ ئاخىرى نازىل قىلىنغان ئايەتلەر مەسىلىسى كۈچلۈك نەقلى دەلىللەر ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە ئىجتىهاد قىلىشى ئۈچۈن ئورۇن يوقتۇر. بۇ ھەقتىكى ئىسلام ئۆلىمالىرى ئارىسىدىكى نوپۇزلۇق قاراش شۇكى، قۇرئاندىن ئەڭ ئاۋۋال نازىل قىلىنغان ئايەت «ئەلەق» سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى بەش ئايەتتۇر: "**ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن①. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى②. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر③. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى④. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى⑤**". بۇنىڭغا مەشھۇر ھەدىس كىتابلىرى «سەھىھۇل بۇخارى» بىلەن «سەھىھۇل مۇسلىم»دا تىلغا ئېلىنغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىس دەلىل قىلىنىدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى ئالدى بىلەن راست چۈشلەردىن باشلاندى. ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى تاڭ نۇرىدەك روشەندى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەردىن ئايرىلىپ، يالغۇزلۇقنى ياقتۇرۇپ قالدى. ھىرا غارىغا بېرىپ قانچىلىغان كېچىلەرنى ئىستىقامەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئاندىن خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ، ئوزۇقلۇق تەييارلىۋېلىپ يەنە كېتەتتى. بۇ تاكى ھىرا غارىدا ئۇنىڭغا ئاللانىڭ ۋەھيىسى كەلگەنگەقەدەر داۋاملاشتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭغا پەرىشتە كېلىپ "ئوقۇ" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن" دېدى. پەرىشتە ئۇنى تۇتۇپ قاتتىق سىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چارچاپ كەتتى. پەرىشتە جىبرىئىل ئۇنى قويۇۋېتىپ "ئوقۇ" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بايىقى سۆزنى تەكرارلىدى. بۇ ئەھۋال ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىپ، ئۈچىنچى قېتىمدا جىبرىئىل "ئەلەق" سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى يۇقىرىقى بەش ئايەتنى ئوقۇدى". بۇ ئىشەنچلىك دەرىجىسى كۈچلۈك ھەدىس بولۇپ، ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇلارنىڭ قۇرئاندىن ئەڭ دەسلەپ نازىل قىلىنغان ئايەتلەر ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «مۇددەسسىر» سۈرىسىنىڭ 1-، 2-ئايەتلىرى ۋە «فاتىھە» سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى ئايەتلەرنى ئەڭ دەسلەپ نازىل بولغان دەپ كۆرسەتكۈچىلەرمۇ بار. بىراق بۇ ئاز سانلىق ئالىملارنىڭ قارىشى بولۇپ، تېخىمۇ كۈچلۈك ھەدىس دەلىل-ئىسپاتلىرى بىلەن رەت قىلىنىدۇ.

«قۇرئاندىن نازىل قىلىنغان ئاخىرقى ئايەت توغرىسىدىكى قاراشلار كۆپ ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئىشەنچلىك قاراش شۇكى، ئاخىرقى نازىل قىلىنغان ئايەت «مائىدە» سۈرىسىنىڭ 3-ئايىتى، يەنى "**بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم**" دېگەن ئايەتتۇر. بۇ ئايەت ھىجرىيە 10-يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9-كۈنى ئەرەفاتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش نۇتقىنى سۆزلىگەن چاغدا نازىل قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە «بەقەرە» سۈرىسىنىڭ 281-ئايىتىنى، شۇنداقلا جازانىخورلۇق، قەرز بېرىش-ئېلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش جازاسىنىڭ قىلمىشى ھەققىدىكى ئايەتلەرنى ئاخىرقى ئايەت دەپ كۆرسەتكۈچىلەرمۇ بار، لېكىن بۇلار ئىشەنچلىك نەقلى دەلىللەر بىلەن رەت قىلىنىدۇ.

**مەككىيە ۋە مەدەنىيە سۈرىلەر**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زور مەسئۇلىيەت، دىنىي دەۋەت يولىدىكى جاپا-مۇشەققەت، ئەرەب قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى ئەزىيەتلەر بىلەن تولغان مۇبارەك ھاياتىنى مەككە ۋە مەدىنىدىن ئىبارەت ئىككى جايدا ئۆتكۈزگەن بولغاچقا، «قۇرئان كەرىم» مۇ مۇشۇ يۆنىلىش بويىچە مەككە ۋە مەدىنىدە نازىل قىلىنغان. بۇنىڭغا ئاساسەن قۇرئاندىكى سۈرىلەر مەككىيە سۈرىلىرى ۋە مەدىنىيە سۈرىلىرى دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. سۈرىلەرنى مۇنداق بۆلۈشتە ئۇنىڭ نازىل بولغان ماكانى، ۋاقتى ۋە خىتاب قىلىنغان

ئوبيېكتلىرى ئاساس قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان سۈرىلەر مەككىيە سۈرىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرىتىدىن كېيىن نازىل قىلىنغان سۈرىلەر مەدىنىيە سۈرىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ سۈرىلەرنى زامان ئېتىبارى بويىچە بۆلۈشتۇر؛ يەنە بىر خىل بۆلۈش ماكان ئېتىبارى بويىچە بۆلۈش بولۇپ، مەككىدە نازىل قىلىنغان بولسا مەككىيە سۈرىلىرى، مەدىنىدە نازىل قىلىنغان بولسا مەدىنىيە سۈرىلىرى دېيىلىدۇ. ئۈچىنچى خىلى سۈرىدە مەككە ئەھلىگە خىتاب قىلىنغان بولسا مەككىيە سۈرىسى، مەدىنىيە ئەھلىگە خىتاب قىلىنغان بولسا مەدىنە سۈرىسى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ خىتاب قىلىنغان ئوبيېكت ئېتىبارى بويىچە بۆلۈشتۇر.

قۇرئاندا جەمئىي 114 سۈرە بولۇپ، ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن 28 سۈرە مەدىنىيە سۈرىلىرى، 86 سۈرە مەككىيە سۈرىلىرى دېيىلىدۇ. ئەمما 114 سۈرىدىن 10دەك سۈرىنىڭ مەككىيە ياكى مەدىنىيە سۈرىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۆلىمالار ئارىسىدا مەلۇم ئىختىلاپ بار. بەزى مەككىيە سۈرىسى ئىچىدە بەزى مەدىنىيە ئايەتلىرى بار، دېگۈچىلەرمۇ بار.

قۇرئاندىكى مەككىيە ۋە مەدىنىيە سۈرىلىرى مەسىلىسى ئىسلام ئۆلىمالىرى قۇرئان ئىلمىدىن ئىبارەت بۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر تەتقىقات ساھەسىدە ئەزەلدىن ئېتىبار بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان مەسىلە بولۇپ، ئۇ پەقەت زامان ياكى ماكان ئېتىبارى جەھەتتىكى مەسىلە بولماستىن، بەلكى نۇرغۇن تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتە ئىسلام ئالىمى مۇھەممەد ئىبنى ھەبىيب نىسابورى ئۆزىنىڭ «قۇرئان ئىلمىنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە كۆرسەتمە» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: "قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشى ۋە ئۇنىڭ يۆنىلىشى، مەككە ۋە مەدىنىدە نازىل قىلىنغان ئايەت، سۈرىلەرنىڭ تەرتىپى، مەككىدە نازىل قىلىنغان، بىراق ھۆكۈمى مەدىنى بولغان، مەدىنىدە نازىل قىلىنغان، بىراق ھۆكۈمى مەككە بولغان، مەدىنىدە نازىل قىلىنغان، بىراق مەككىيەگە ئوخشايدىغان، مەككىدە نازىل قىلىنغان، بىراق مەدىنىيەگە ئوخشايدىغان، جۇھفەدە نازىل بولغان، بەيتۇلمۇقەددەستە نازىل بولغان، تائىفدا نازىل قىلىنغان، ھۇدەيبىيەدە نازىل بولغان، كېچىدە نازىل قىلىنغان، كۈندۈزى نازىل قىلىنغان، مەككىيە سۈرىسىدىكى مەدىنىيە ئايەتلىرى، مەدىنىيە سۈرىسىدىكى مەككىيە ئايەتلىرى، ئومۇمىي رەۋىشتە نازىل قىلىنغان، تەپسىلىي رەۋىشتە نازىل قىلىنغان ئايەت ۋە سۈرىلەر قۇرئان ئىلمىنىڭ ئەڭ شەرەپلىك ۋە يۈكسەك ئىلىملىرىدىندۇر. بۇلار جەمئىي 25 جەھەتتىكى مەسىلە بولۇپ، كىمكى بۇ مەسىلىلەرنى بىلمەيدىكەن، بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ئۇلارنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرمەيدىكەن، ئۇنىڭ ئاللاتائالانىڭ كىتابى ئۈستىدە سۆز قىلىش ھوقۇقى يوق". يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ ئىنچىكە مەسىلىلەر تېخىمۇ تەپسىلىي شەرھىگە ۋە تەتقىقاتقا موھتاج. ئىسلام ئۆلىمالىرى مەككىيە ۋە مەدىنىيە سۈرىلىرىگە ھۆكۈم قىلىشتا، تېخىمۇ ئىنچىكىلىگەن ھالدا ھەربىر سۈرىنىڭ مەزمۇن ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئايرىپ چىقىش ئاساسىدا، يېگىچە ھۆكۈم ئاساسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

مەككىيە سۈرىلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى مۇنداق:

1. ھەرقانداق بىر سۈرىدە سەجدە تىلاۋىتى بولىدىكەن، بۇ مەككىيە سۈرىسى ھېسابلىنىدۇ.

2. قايسى بىر سۈرىدە ("كلا") "ھەرگىز" سۆزى تىلغا ئېلىنىدىكەن، بۇ مەككىيە سۈرىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ سۆز پەقەت قۇرئاننىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىلا كەلگەن بولۇپ، 15 سۈرىدە 33 قېتىم تىلغا ئېلىنغان.

3. ھەرقانداق بىر سۈرىدە"ئى كىشىلەر" سۆزى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا "ئى مۆمىنلەر" سۆزى تىلغا ئېلىنمىغان بولسا، بۇ مەككىيە سۈرىسى بولىدۇ. پەقەت «ھەج»

سۈرىسىنىڭ 77-ئايىتىدە "ئى مۆمىنلەر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار" دېيىلگەن بولۇپ، ئۇ يەنىلا مەككىيە سۈرىسى ھېسابلىنىدۇ.

4. پەيغەمبەر-ئەنبىيالار، بۇرۇن ئۆتكەن ئۇممەتلەر ھەققىدىكى قىسسە-ھادىسىلەر بايان قىلىنغان ھەربىر سۈرە مەككىيە سۈرىسى بولىدۇ. پەقەت «بەقەرە» سۈرىسى بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا يۇقىرىقى ئالاھىدىلىك بولسىمۇ، يەنىلا مەدىنىيە سۈرىسىدۇر.

5. ھەربىر سۈرىدە ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئىبلىسقا ئائىت بايانلار بولىدىكەن، ئۇ مەككىيە سۈرىسى ھېسابلىنىدۇ. پەقەت «بەقەرە» سۈرىسى بۇنىڭ سىرتىدا.

6. ھەرقانداق بىر سۈرە "ئەلىف. لام. مىم. را. ھا"غا ئوخشاش ھەرپلەر بىلەن باشلانغان بولسا، ئۇ مەككىيەدۇر. پەقەت «بەقەرە» ۋە «ئال ئىمران» سۈرىلىرى بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۇلار مەدىنىيە سۈرىلىرى ھېسابلىنىدۇ. شەكىل جەھەتتىن مەككىيە سۈرىلىرى بىرقەدەر قىسقا. مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، مەككىيە سۈرىلىرى ئاللانىڭ بىرلىكىگە، پەيغەمبەرلەرگە، پەرىشتىلەرگە، ئاللانىڭ كىتابلىرىغا، قىيامەتكە، قايتا تىرىلىشكە، ئاللاتائالا تەرىپىدىن بولىدىغان ھېساب-كىتابقا، جەننەتكە ۋە دوزاخقا ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىشتەك ئىسلام دىنىنىڭ تەۋھىد-ئەقىدە مەسىلىلىرى، مۇشرىكلار بىلەن تۈرلۈك پاكىت-دەلىللەر ئارقىلىق مۇنازىرىلىشىش، ئۆتكەنكى ئۇممەتلەرنىڭ قىسسىلىرىنى سۆزلەش ئارقىلىق، بۈگۈنكىلەرنى ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشقا، جاھىلىيەتنىڭ يامان ئەخلاقلىرىنى تاشلاپ، ئىسلامنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرى بىلەن خۇلقلىنىشقا دەۋەت قىلىشتەك مەزمۇنلار بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

مەدىنىيە سۈرىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ھەربىر سۈرىدە ئىسلام شەرىئىتىدە بەلگىلەنگەن پەرز ۋە مۇقىم بېكىتىلگەن جىنايەت جازالىرى بايان قىلىنغان بولسا، بۇ مەدىنىيە سۈرىسى ھېسابلىنىدۇ.

2. قايسىبىر سۈرىدە مۇناپىقلار ھەققىدىكى بايان سۆزلەنگەن بولسا، بۇ مەدىنىيە سۈرىسىدۇر. پەقەت «ئەنكەبۇت» سۈرىسى بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۇ مەككىيە سۈرىسىدۇر.

3. ھەربىر سۈرىدە ئەھلى كىتاب يەنى كىتاب بېرىلگەن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار بىلەن بولغان مۇنازىرە، دەتالاشلار تىلغا ئېلىنغان بولسا، بۇ مەدىنىيە سۈرىسى ھېسابلىنىدۇ.

شەكىل جەھەتتىن مەدىنىيە سۈرىلىرى نىسبەتەن ئۇزۇنراق. مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھكاملىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، مەدىنىيە سۈرىلىرى ئىبادەت، مۇئامىلە، جىنايى جازا، ئائىلە تۈزۈلمىسى، مىراس، ئىجتىمائىي ئالاقە، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىق ھەربىر مۇسۇلمان بىلىشكە ۋە ئۆز ئەمەلىي ھاياتىدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك شەرىئەت ئەھكاملىرى ھەققىدىكى مەزمۇن بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مەككىيە ۋە مەدىنىيە سۈرىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىش بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتچىلارنى قۇرئاننىڭ تۈرلۈك ئۇسلۇبلىرى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، شۇ ئاساستا قۇرئاننىڭ مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ، تەتقىقات ئاساسىنى ۋە مەزمۇنىنى كېڭەيتىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشىدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ھېكمەت، مۆجىزە، پۇختىلىق ۋە ئۆزگىچىلىك ھەربىر مۇسۇلماننىڭ قەلبىگە ئىسلام دىنىغا بولغان تەۋرەنمەس ئېتىقاد ۋە ئەقىدىنىڭ ئۇرۇقلىرىنى چاچىدۇ.

**(ماقالىنى دىنىي جەھەتتىن كۆرۈپ چىققۇچى: مۇھەممەت سالىھ؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى.)**

# مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ
# «قۇرئان كەرىم»دە بەلگىلەنگەن هوقۇقلىرى هەققىدە

△ راخمان نىياز

«قۇرئان كەرىم»دە مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ هوقۇق-مەنپەئەتلىرى هەققىدە نۇرغۇنلىغان مەزمۇنلار بولۇپ، ئۇلار ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى، ئائىلە هاياتىدىكى، مەدەنىيەت-مائارىپتىكى، دۆلەت ئىشلىرىدىكى ئورنى، رولى، هوقۇقى، مەنپەئەتى قاتارلىق هەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ. "ئىلىمىزنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ" دېگەن ئىلمىي هۆكۈم بويىچە قارىغاندا، «قۇرئان كەرىم»دىكى دۆلىتىمىز مۇسۇلمان ئاياللىرىغا پايدىلىق بولغان بەلگىلىمىلەردىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇنى جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مۇهىم بىر مەسىلە. بۇ جەهەتتىكى بەلگىلىمىلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىچىدە تارقاق هالدا ئورۇنلاشقانلىقتىن، ئاياللار بۇلاردىن تولۇق خەۋەرلىنەلمىگەچكە، ئۇلارنىڭ هوقۇق-مەنپەئەتلىرى تولۇق توسقۇنلۇقلارغا ئۇچراپ كەلگەن.

«قۇرئان كەرىم» 7-ئەسىردە نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى، دۇنيادىكى "مەدەنىيەتلىك دۆلەت" دەپ ئاتالغان دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرىدا ئەر-ئاياللار هوقۇقتا باراۋەر بولمىغان. مەسىلەن، نىكاهنى تىزىملاشتا پەقەت ئەر تەرەپنىڭلا سالاهىيىتى تىزىملانغان. ئەرلەرنىڭلا نىكاهتىن ئاجراشنى تەلەپ قىلىش هوقۇقى بولۇپ، ئاياللارغا بۇ خىل هوقۇق بېرىلمىگەن؛ ئاياللارغا ئائىلىدىكى مال-مۈلۈكنى باشقۇرۇش هوقۇقلىرى بېرىلمىگەن. "ئەڭ دېموكراتىك" دەپ ئاتالغان دۆلەتلەردىمۇ ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ۋاكالەتچىلىك قىلىپ قىلغان ئىشلىرىنى ئەرلەرنىڭ ئىنكار قىلىش هوقۇقى بولىدىغانلىقى، ئائىلىدىكى مال-مۈلۈكلەرنى ئەرلەر باشقۇرۇپ بولالمىغاندىلا، ئايالنىڭ باشقۇرۇشىغا بولىدىغانلىقى قاتارلىق ئادالەتسىزلىكلەر قانۇن قىلىپ بەلگىلىنىپ، دۆلەت زورلۇقىنىڭ كاپالىتى بىلەن ئىجرا قىلىنغان.

«قۇرئان كەرىم»دە بولسا، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئورنى ئون جەهەتتىن ئەرلەر بىلەن باراۋەر ئورۇنغا قويۇلغان. بۇ ئۆز ۋاقتىدىكى تارىخىي ئىلگىرىلەشنىڭ ئىپادىسى بولۇپلا قالماي، هازىرمۇ خېلى زور ئىجتىمائىيلىققا ئىگە. مەسىلەن، «قۇرئان كەرىم»دىكى 33-سۈرە «ئەهزاب»نىڭ 35-ئايىتىدە، مۇسۇلمان خەلقىنىڭ رىئايە قىلىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەر ئېنىق بەلگىلەنگەن: **"مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا، تائەت-ئىبادەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە تائەت-ئىبادەت قىلغۇچى ئاياللارغا، راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا، سەۋر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە سەۋر قىلغۇچى ئاياللارغا، خۇدادىن قورققۇچى ئەرلەر ۋە خۇدادىن قورققۇچى ئاياللارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا، روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا، نەپسلىرىنى هارامدىن ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە نەپسلىرىنى هارامدىن ساقلىغۇچى ئاياللارغا، ئاللانى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللانى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللا مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى"** دېيىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ خۇدا ئالدىدا تەڭلىكى، باراۋەر ئىكەنلىكى بەلگىلىنىپ، ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكى زور قەدەمدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن. بۇلار ئىچىدىن ئۆز نەپسىنى هارامدىن ساقلاش، راستچىل بولۇش، سەۋر-تاقەتلىك بولۇش بەلگىلىمىلىرى بۈگۈنكى دۇنيادا ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا. بۇ خىل تارىخىي ئىلغارلىقنى ئېتىراپ قىلماسلىق نادانلىققا باراۋەر بولسا كېرەك.

«قۇرئان كەرىم»دە ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكى

ھەققىدە يەنە خېلى نۇرغۇن مەزمۇنلار ھەر دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «قۇرئان كەرىم» دىكى 4-سۇرە «نىسا»، 124-ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: "ئەر-ئاياللاردىن مۆمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ)". «قۇرئان كەرىم» نىڭ 40-سۇرە «غافىر»، 40-ئايىتىدە تېخىمۇ ئۇچۇق قىلىپ: "كىمكى (بۇ دۇنيادا) بىرەر يامانلىقنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) شۇنىڭغا لايىق جازا بېرىلىدۇ، مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، كىمكى ئۆزى مۆمىن تۇرۇپ بىرەر ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئەنە شۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەتتە ئۇلارغا ھېسابسىز رىزىق بېرىلىدۇ" دەپ كۆرسىتىلگەن. «قۇرئان كەرىم» نىڭ 4-سۇرە «نىسا»، 32-ئايىتىدە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلغان: "ئەرلەر قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ، ئاياللارمۇ قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ." «قۇرئان كەرىم» نىڭ 3-سۇرە «ئال ئىمران»، 195-ئايىتىدە: "مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر-بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن" دەپ تولىمۇ ياخشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «قۇرئان كەرىم» نىڭ 9-سۇرە «تەۋبە»، 71-ئايىتىدە: "مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر-بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ" دېيىلگەن. يۇقىرىقىلاردىن «قۇرئان كەرىم» دە ئەر-ئاياللارنىڭ باراۋەر ئورۇنغا قويۇلغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» نى مەنبە قىلغان شەرىئەتتە ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ۋە ھوقۇقلىرى بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە تەپسىلىي قائىدىلىرىنى «قۇرئان كەرىم» دىن كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئاياللارنىڭ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقلىرى خېلى تەپسىلىي بەلگىلەنگەن. 16-ئەسىردىكى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ قانۇنلىرىدا ئاياللارنىڭ كۆچمە مۈلۈكلەرگە ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقى، كۆچمەس مۈلۈكلەرگە ۋارىسلىق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۇچۇق بەلگىلەپ، فېئوداللىق تائىپە تۈزۈمىنى ساقلىغان. ئەمما 7-ئەسىردىكى «قۇرئان كەرىم» دە ۋارىسلىق ھەققىدە كۆپ ئىلگىرىلىگەن بەلگىلىمە چىقىرىلغان. مەسىلەن، «قۇرئان كەرىم» دىكى 4-سۇرە «نىسا» نىڭ 7-ئايىتىدە: "ئاتا-ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئاتا-ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار، مەيلى ئۇ ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ھەر ئادەم (ئاللانىڭ ئادىل شەرىئىتىدە) بەلگىلەنگەن ھەسسىسىنى ئالىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن. «قۇرئان كەرىم» دىكى 4-سۇرە «نىسا» نىڭ 11- ۋە 12-ئايەتلىرىدە، مىراس ھەققىدىكى شەرىئەتنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپلىرى خېلى سىستېمىلىق كۆرسىتىلگەن. يەنى ۋارىسلارنىڭ جىنسى، ئادەم سانى، قانداشلىق مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىق ئەھۋاللىرى خېلى كونكرېت بولۇپ، ئاياللارنىڭ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقلىرى نىسبەتەن ئەھمىيەت بېرىشكە ئېرىشكەن.

«قۇرئان كەرىم» دە ئاياللارنىڭ ئىززەت-ئابرۇيى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى ئۇچۇق بەلگىلەنگەن. كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى بەزى ئىشلاردا، ئىقتىسادىي ئالاقىلەردە ئەرلەر قاتناشقان مۇھىم ئىشلارغىمۇ ئاياللار قاتناشسا، بۇنىڭ قانۇنىي ئۈنۈمى ئوخشاش بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن، قەرز مۇئامىلىسى، توختامنامە، كېپىللىك، گۇۋاھلىق قاتارلىقلارغا ئاياللار قاتناشسا بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. ياۋروپا قاتارلىق جايلاردا 16-ئەسىرلەردىمۇ ئۆز قانۇنلىرىدا ئەرلەر ئائىلىنىڭ ئاساسى، خوتۇنى ئەرگە يۆلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ پائالىيەت ئىقتىدارى بولمايدۇ، ئۇلار نەرسە ھېسابلىنىدۇ دەپ مۇقىملاپ، ئەرلەر ھاكىمىيىتى ۋە ھۆكۈمرانلىقىنى قوغدىغان، مىراستا ۋەسىيەتنى ئېتىراپ قىلمىغان.

ئەرلەرنىڭ ماقۇللۇقى بولمىسا، ئاياللار مال-مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولالمىغان. مەسىلەن، «قۇرئان كەرىم»نىڭ 2-سۈرە «بەقەرە»، 282-ئايىتىدە ئوچۇق ھالدا: ”گۇۋاھلىققا ...بىر ئەر، ئىككى ئايال تەكلىپ قىلىڭلار، بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ،...“ دېيىلگەن. 24-سۈرە «نۇر»، 4-ئايەتتە ئاياللارنىڭ ئىززەت-ئابرۇيى مۇھاپىزەت قىلىنىپ، ئاياللارنى ھاقارەتلەش، تۆھمەت قىلىشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقى جاكارلانغان، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ جازالىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. مەسىلەن، ”ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى 80 دەررە ئۇرۇش، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ھەرگىز قوبۇل قىلماسلىق“ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. 24-سۈرە «نۇر»، 23-، 24- ۋە 25-ئايەتلەردىمۇ ئوچۇق قىلىپ: ”يامان ئىشتىن بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۆمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم لەنەتكە ئۇچرايدۇ (يەنى ئاللانىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ)، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. شۇ كۈندە(يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇلارنىڭ تىللىرى، قوللىرى ۋە پۇتلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ“ دېيىلگەن. 24-سۈرە «نۇر»، 15-، 17- ۋە 19-ئايەتلىرىدە ئېنىق قىلىپ، ئاياللارنىڭ ئابرۇيىغا زىيان سېلىشقا بولمايدىغانلىقى، ئەگەر زىيان سالسا جازالاش تەدبىرى كۆرۈلىدىغانلىقى كۆرسىتىلىپلا قالماي، ئاقىۋەتنىڭ ئېغىر بولىدىغانلىقى ئاگاھلاندۇرۇلغان. مەسىلەن، ”ئۆز ۋاقتىدا بوھتاننى تىلىڭلار بىلەن تارقاتتىڭلار، بىلمەيدىغان نەرسەڭلارنى ئېغىزىڭلارغا ئالدىڭلار، ئۇنى سەل چاغلىدىڭلار، ھالبۇكى، ئاللانىڭ نەزىرىدە، ئۇ چوڭ گۇناھتۇر... ئاللا سىلەرگە نەسىھەت قىلىدۇكى، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ھەرگىز قايتا مۇنداق سۆزلەرنى قىلماڭلار. مۆمىنلەرنىڭ ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ ...“ دېيىلگەن.

قۇرئان كەرىمدە ئاياللارغا ھۆرمەت قىلىش، بۇزۇقچىلىققا قارشى تۇرۇش، ئاياللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ئىززىتىگە ھۆرمەت قىلىش تەلەپ قىلىنغان. مەسىلەن، 24-سۈرە «نۇر»نىڭ 33-ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: ”...ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنا مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلىماڭلار...“ دېگەندەك.

قۇرئان كەرىمدە ئەرلەرنى ئەزىز، ئاياللارنى خار كۆرىدىغان، بوۋاقلارنى تىرىك كۆمىدىغان قىلمىشلارغا قاتتىق قارشى تۇرۇلغان. مەسىلەن، قۇرئان كەرىمنىڭ 16-سۈرە «نەھل»نىڭ 58—59-ئايەتلىرىدە: ”ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە (خوتۇنىنىڭ) قىز تۇغقانلىق خۇش خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، چىرايى ئۆزگىرىپ، غەزەپناك بولۇپ كېتىدۇ. يەتكۈزۈلگەن يامان خەۋەردىن قورقۇپ، ئۆز قەۋمىگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئاندىن نومۇسقا چىداپ قىزنى ساقلاپ قالامدۇ؟ ياكى ئۇنى تۇپا ئاستىغا (تىرىك) كۆمەمدۇ؟ (شۇ ھەقتە ئويلىنىدۇ) ئۇلارنىڭ ھۆكۈمى (يەنى ئوغۇللارنى ئۆزلىرىگە نىسبەت بېرىپ، قىزلارنى ئاللاغا نىسبەت بېرىشى) ھەقىقەتەن نېمىدېگەن قەبىھ!“

ئەينى ۋاقىتتا ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بەختسىزلىككە ئۇچرىغان بوۋاقلارنىڭ كۆپىنچىلىرى قىز بوۋاق بولغانلىقتىن، بۇ خىل رېئاللىققا ئاساسەن قىز بوۋاقلارنى قوغداپ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى تەڭشەش، بوۋاق قىزلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەسلىك «قۇرئان كەرىم»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەسىلەن، 17-سۈرە «بەنى ئىسرال (ئىسرا)»نىڭ 31-ئايىتىدە: ”كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر“ دېيىلگەن. يەنە 81-سۈرە «تەكۋىر»دە قىز بوۋاقنى

تېرىك كۆمۈش جىنايىتىگە يول قويۇلمايدىغانلىق ئېنىق بەلگىلەنگەن. ھەدىستە مۇھەممەد پەيغەمبەر: "ئوغۇل دەپ خۇشاللانماڭلار، قىز دەپ نادامەت چەكمەڭلار... قىزلارغا غۇم ساقلىماڭلار، مەنمۇ قىزنىڭ ئاتىسى دېگەن".

نىكاھ ئىشلىرىغا قارىتا ئاياللارنىڭ ئۆزىگە خوجا بولۇشى تەكىتلىنىپ، مەجبۇرلاپ ئەرگە بېرىش مەنئى قىلىنغان. ئىسلامىيەت شەرىئىتىدە، ئىككى تەرەپ (ئەر-ئايال) ئىختىيار قىلسا، ئائىلە باشلىقى رازى بولسا، مۇئەييەن تەرتىپتىن ئۆتكەندىن كېيىن، نىكاھنىڭ قانۇنلۇق بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. نىكاھ ئىشلىرىدا تىل بىرىكتۈرۈپ نىكاھلانغۇچىلارنى ئالداش، زورلۇق ئىشلىتىش، چات كېرىۋېلىشقا قارشى تۇرۇلغان. ئاتا-ئانىنىڭ تەشەببۇسى، ئەلچىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بولغان نىكاھتا، ئايال تەرەپنىڭ قېتىلغانلىقىنى نىكاھنىڭ تىكلەنگەنلىكى دەپ بەلگىلەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاياللارنىڭ رازىلىقىنى ئالماي بولمايدۇ؛ قىزلار نىكاھتا ماقۇل بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا نىكاھ ئىناۋەتكە ئۆتمەيدۇ" دېگەن.

«قۇرئان كەرىم»دە، ئەر-خوتۇن ئىككىسى ئۆزلۈكىدىن نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدىغانلىقى، نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن باشقىدىن ئۆي تۇتۇشقا بولىدىغانلىقى، نىكاھتىن ئاجرىشىشتىن بۇرۇن، ئايالنى ئۈچ ئاي كۈزىتىپ، بويىدا يوقلۇقى ئىسپاتلانغاندا نىكاھتىن ئاجرىششقا بولىدىغانلىقى، ئايال ھامىلدار مەزگىلىدە نىكاھتىن ئاجرىشىشقا بولمايدىغانلىقى، نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن، باشقىدىن نىكاھلىنىشقا ئالدىنقى ئېرى ئارىلىششقا، كاشىلا قىلىشقا بولمايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. مەسىلەن، 2-سۈرە «بەقەرە»، 232-ئايەتتە ئېنىق قىلىپ: **"ئەگەر سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقان ۋە قائىدە بويىچە (تەگمەكچى بولغان) ئېرى بىلەن پۈتۈشكەن بولسا، ئۇلارنى نىكاھلىنىشتىن توسماڭلار"** دېيىلگەن. نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن ئەر تەرەپ تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا بولمايدىغانلىقى قاتارلىقلارمۇ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. بۇلارنى مۇسۇلمانلار شەرىئەت قائىدىلىرى دەپ قاراپ ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزلۈكىدىن رىئايە قىلىدىغان قائىدىلەر دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «قۇرئان كەرىم»دە ئانىلارنىڭ ئەمگەكچانلىقى كۈچلۈك مەدھىيە ۋە قوغداشقا مۇيەسسەر بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇ خىل بەلگىلىمىلەر ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپلا قالماي، ئىنسانلارنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى بېقىپ تەربىيىلەيدۇ، چوڭ قىلىدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ بۇ خىل مېھرىگە سۆز ئېچىلغاندا، ئانىنىڭ تارتقان مۇشەققەتلىرى «قۇرئان كەرىم»دە ناھايىتى گەۋدىلىك بايان قىلىنغان. مەسىلەن، «قۇرئان كەرىم» دىكى 46-سۈرە «ئەھقاب»، 15-ئايەتتە **"بىز ئىنسانىنى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنسانىنى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر"** دېيىلگەن. 31-سۈرە «لوقمان»، 14-ئايەتتىمۇ ئانا مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، ئانىلارنىڭ يۈرەك-باغرى — بالا ئىكەنلىكى، ئاتا-ئانا مېھرى ئىچىدە، ئانا مېھرىنىڭ سالمىقى ئېغىر ئىكەنلىكى دەلىللەنگەن.

«قۇرئان كەرىم» دىكى يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەر 7-ئەسىردە نازىل بولغان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن جۇملىدىن دۆلىتىمىز مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن ئەمەلدە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم پرىنسىپلارنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاياللار ھوقۇقىغا ئائىت مەسىلىلەر دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا ئۇيغۇن، دۆلىتىمىزنىڭ نىكاھ قانۇنىغىمۇ ئۇيغۇن. دۆلىتىمىز مۇسۇلمانلىرى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇپ، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىدا، «قۇرئان كەرىم»دە بەلگىلەنگەن شەرىئەت قائىدىلىرىدىكى يۇقىرىقىدەك قائىدىلەرگىمۇ ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

**(ئاپتور: شىنجاڭ داشۆ قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى.)**

# ئاتا-ئانىلارنىڭ ئىسلام دىنىمىزدىكى ئورنى

△ ئابدۇخالىق ئالىم

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم
(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.)

ئىسلام دىنى ئاتا-ئانىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئەڭ يۇقىرى ھېسابلايدۇ ھەمدە ئاتا-ئانىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىكنى، ئۇلارنىڭ بارلىق مۇۋاپىق تەلەپ-ئارزۇلىرىنى ئورۇنلاپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى بۇيرۇيدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ”پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۆشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن“ (17-سۈرە «بەنى ئىسرائىل (ئىسرا)»، 23-ئايەت).

بۇ ئايەت كەرىمدە ئاللاتائالا بارلىق ئىنسانلارنى ئۆزىنى ياراتقۇچى پەرۋەردىگارىغىلا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇش بىلەن بىرگە، شۇ ئىنسانىنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشنى، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە قىلچە ئازار بەرمەسلىكنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن بولسا، ”ئىنسانىنى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق، ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى-ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر“ (31-سۈرە «لوقمان»، 14-ئايەت). ”بىز ئىنسانىنى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنسانىنى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر. تاكى ئۇ (بوۋاق ئۆسۈپ) كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇپ، 40 ياشقا يەتكەندە، (ئۇ): ’پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا-ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن (يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەر قىلغىن)، مەن ھەقىقەتەن ساڭا (جىمى گۇناھلىرىدىن) تەۋبە قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن‘ دەيدۇ“ (46-سۈرە «ئەھقاف»، 15-ئايەت) دېگەن ئايەتلەردە ئاللاتائالا شۇ ئىنسانغا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۇنى كۆپلىگەن جاپا-مۇشەققەتتە بېقىپ تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈشتىكى ئىش-ئىزلىرىنى ئەسلىتىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭغا ئۆزىنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن پەرۋەردىگارىغا تەۋھىد-ئىمان بىلەن ئېتىقاد قىلىشنى، ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشنى، پەرۋەردىگارىنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ ئەجرىگە تەشەككۈر ئېيتىشنى تەۋسىيە قىلغان ھەمدە شۇ ئىنساننىڭ ئاخىر ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىغا چوقۇم

بارىدىغانلىقىنى، مۇبادا ئۇ ئاللاتائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن يېنىپ، ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلسا، ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا جەننەتتىن ئىبارەت ئالىي ماقامنىڭ نېسىپ بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئاتا-ئانىلارنىڭ باللار ئالدىدىكى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىنى تېخىمۇ يۇكسەك دەرىجىگە كۆتۈرگەن.

ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشتىكى تارىخىي ۋەقەلىكنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بايان قىلىپ، ئاتا-ئانىلارنىڭ نەقەدەر ياخشى ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىزگە تونۇتۇپ، ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنى يەنە بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: "ئۇنى ئاتا-ئانىسىغا كۆيۈمچان (قىلدۇق)، ئۇ مۇتەكەببىر (يەنى ئاتا-ئانىسىنى قاقشاتقۇچى)، (پەرۋەردىگارىغا) ئاسىيلىق قىلغۇچى بولمىدى" (19-سۈرە «مەريەم»، 14-ئايەت).

«قۇرئان كەرىم»نىڭ «ئىبراھىم» ۋە «نۇھ» سۈرىلىرىدىكى ئايەتلىرىدە پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىلار ئۈستىدىكى بۇرچىنىڭ پەقەت ماددىي تەرەپتىنلا بولماستىن، مەنىۋى تەرەپتىنمۇ بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان ھەمدە پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىلار ھەققىدە داۋاملىق دۇئا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن كەمچىلىكلىرى بولسا، ئاللاتائالادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت-سائادىتىگە ئېرىشىشىنى سورىشى كېرەكلىكى توغرۇلۇق مۇنداق دېيىلگەن: "پەرۋەردىگارىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە)، ماڭا، ئاتا-ئانامغا ۋە مۆمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن" (14-سۈرە «ئىبراھىم»، 41-ئايەت). "پەرۋەردىگارىم! ماڭا، ئاتا-ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە مۆمىن بولۇپ كىرگەن كىشىگە ۋە مۆمىن ئەرلەرگە، مۆمىن ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن، زالىملارغا پەقەت ھالاكەتنى زىيادە قىلغىن" (71-سۈرە «نۇھ»، 28-ئايەت). بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئالاھىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: "سىلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھتىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۇ ئاللاتائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا-ئانىسىنى قاقشىتىشتىن ئىبارەتتۇر". پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە بارلىق مەۋجۇداتنى ياراتقۇچى جانابى ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن ئاتا-ئانىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشنىڭ ناھايىتى زور گۇناھ، جىنايەت ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغان بولسا، تۆۋەندىكى ھەدىستە ئۆز ئاتا-ئاتىسىدىن سىرت يەنە باشقىلارنىڭ ئاتا-ئانىسىغىمۇ ئەزىيەت يەتكۈزمەي، ئائىلىلەر ئارا ناھايىتى ئىناق، ئىتتىپاق ياشاشنىڭ نەقەدەر ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇممەتنى ئىسلامىيەتكە تەۋسىيە قىلغان، ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "كىشىنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسىنى قارغىشى ئەڭ زور گۇناھ ھېسابلىنىدۇ، دېگەن. ئى رەسۇلۇللا، كىشى ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى قانداقمۇ قارغايدۇ؟ دېگەن كىشىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بىر ئادەم بىراۋنىڭ ئاتا-ئانىسىنى تىللايدۇ-دە، ئۇ ئادەممۇ ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنى تىللايدۇ" دېگەن.

رىۋايەت قىلىنىشچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئاتا-ئانىلارنى رازى قىلمىغانلار ھەققىدە مۇنداق بىر ئىش يۈز بەرگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئەلقەمە ئىسىملىك بىر ياش يىگىت بولۇپ، ناھايىتى تىرىشچان ھەم ساخاۋەتلىك ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ناھايىتى ئېغىر كېسەل بولۇپ قاپتۇ، ئايالى ئېرىنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن رەسۇلۇللانىڭ يېنىغا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللا ئەلى، سەلمان، ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئاللا ئۇلارنى رازى قىلسۇن) قاتارلىق ساھابىلەرگە، سىلەر ئەلقەمەنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ كېلىڭلار، دەپتۇ. ئۇلار

ئەلقەمەنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا "لائىلاھە ئىلەللا" دېگىن دېسە، ئۇ دېيەلمەپتۇ. ئۇلار ئەلقەمە ھالاك بوپتۇ دەپ ئويلاپ، ئەلقەمەنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن رەسۇلۇللانىڭ يېنىغا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەۋەتىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئەلقەمەنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ بار-يوقلۇقىنى سورىغاندا، ئۇ ئەلقەمەنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىپ، ياشىنىپ قالغان ئانىسىنىڭلا قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلالغا: ئى بىلال! سىز ئەلقەمەنىڭ ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ مەندىن ئۇنىڭغا سالام دەڭ، ئەگەر ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كېلەلىگۈدەك بولسا كەلسۇن، بولمىسا ئۇنىڭ يېنىغا ئۆزۈم بارىمەن، دەپتۇ. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللانىڭ سۆزىنى ئۇ ئايالغا يەتكۈزگەندە، ئۇ ئايال: ئاللا بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ رەسۇلۇللانىڭ يېنىغا بېرىشىم ئەڭ لايىق، دەپ ھاسىسىغا تايىنىپ، رەسۇلۇللانىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ئۇنىڭغا سالام قىلىشقاندىن كېيىن، رەسۇلۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. رەسۇلۇللا ئۇ ئايالغا: سىز ئوغلىڭىز ئەلقەمەنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ھەقىقىي گەپنى قىلىڭ، ئەگەر يالغان دېيىلىپ قالسا، ماڭا ھازىرلا ۋەھيى چۈشىدۇ دېگەندە، ئۇ ئايال: يا رەسۇلۇللا، ئوغلۇم ئەلقەمە ناماز، روزا ئىبادەتلەرنى ئورۇندىغاندىن باشقا، ئۆزىنىڭ قولىدىكى بارلىق ئىقتىسادىنى سەدىقە-ئېھسان قىلاتتى، ئۇنىڭ قىلغان ساخاۋىتىنىڭ قانچىلىك مىقداردا ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ، دەپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن يەنە ئانا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى سورىغاندا، ئۇ ئايال رەسۇلۇللاغا: مەن ئوغلۇمدىن نەپرەتلىنەتتىم، بۇنداق بولۇشى، ئوغلۇم ئايالىغا ئىتائەت قىلىپ، ماڭا ئاسىيلىق قىلىش ئارقىلىق ئايالىنى مەندىن ئۈستۈن ئورۇنغا قوياتتى، دەپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئانىسىنىڭ ئەلقەمەگە بولغان نەپرىتى ئەلقەمەنىڭ شاھادەت ئېيتىشىغا توسالغۇ بولغان دەپ، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ئى بىلال! بېرىپ ئوتتۇن يىغىپ ئەلقەمەنى كۆيدۈرۈۋېتىڭ دەپ تۇرۇشىغا، ئۇ ئايال: يا رەسۇلۇللا، ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم، شۇنداقلا مېنىڭ يۈرەك پارەم تۇرسا، ئۇ كۆز ئالدىمدا كۆيدۈرۈۋېتىلسە، ئۇنىڭغا قانداق چىداپ تۇرالايمەن؟ دەپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا: ئى، ئەلقەمەنىڭ ئانىسى! ئاللاتائالانىڭ ئازابى داۋاملىق قاتتىق، ئەگەر ئاللاتائالانىڭ ئەلقەمەنى مەغپىرەت قىلىشى سىزنى خۇشال قىلىدىكەن، سىز ئوغلىڭىزدىن رازى بولۇڭ! ئاللا بىلەن قەسەمكى، سىز ئوغلىڭىزدىن رازى بولمايدىكەنسىز، ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزى، قىلغان سەدىقىسى ئۇنىڭغا ئەسلا مەنپەئەت قىلمايدۇ، دېگەندە، ئۇ ئايال: يا رەسۇلۇللا! ئاللا بىلەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مەن ئوغلۇم ئەلقەمەدىن رازى بولدۇم، دەپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى بىلال! سىز ئەلقەمەنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بېقىڭ، ئۇ شاھادەت ئېيتىشقا قادىر بولالىدىمۇ؟ دەپتۇ. بىلال ئەلقەمەنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ شاھادەت ئېيتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى كىشىلەرگە ئەلقەمەنىڭ ئانىسىنىڭ ئەلقەمەدىن رازى بولماسلىقى ئۇنىڭ شاھادەت ئېيتىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپتۇ. ئانىسى ئۇنىڭدىن رازى بولۇۋېدى، ئۇ شاھادەت ئېيتالىدى، دەپتۇ. ئەلقەمە شۇ كۈنى ئۆلۈپ كېتىپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇپ، دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەبرىسى ئالدىدا تۇرۇپ بارلىق مۇسۇلمانلارغا: **"ئى مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلار! ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئايالىنى ئاتا-ئانىسىدىن ئۈستۈن كۆرىدىكەن، ئۇنداق ئادەملەرگە ئاللاتائالانىڭ لەنىتى بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇنداق ئادەملەردىن پەرز ۋە نەفلى ئىبادەتلەر قوبۇل قىلىنمايدۇ"** دەپ جاكارلاپتۇ. ئاتا-ئانىسىنى رازى قىلماي، ئۇلارنى رەنجىتكەنلەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھەرقانداق ئەقىل ئىگىسى يۇقىرىقى

رىۋايەتتىن دەرھال چۈشىنىۋالالايدۇ. ئاتا-ئانىلار ئاشۇنداق ئېسىل پەزىلەتلىك كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇجتەھىد ئۆلىمالار «قۇرئان كەرىم» دىكى **"ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر ئېيتقىن"** دېگەن ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ئاللاتائالا بىلەن ئاتا-ئانىسىغا شۈكۈر ئېيتىشنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتكەنلەرنىڭ، يەنى ئاللاتائالاغا شۈكۈر ئېيتىپ، ئاتا-ئانىسىغا شۈكۈر ئېيتمىغانلارنىڭ (ئاتا-ئانىسىنى رازى قىلمىغانلارنىڭ) ئىبادىتىنىڭ مەقبۇل بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان.

تابىئىنلاردىن بولغان بىر تۈركۈم ئۆلىمالار ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن دەلىل كەلتۈرۈپ، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىلار ئۈستىدىكى بۇرچىنى تۆۋەندىكىدەك ئون تۈرلۈك ئىشقا يىغىنچاقلىغان:

1. ئاتا-ئانىسى بىرەر يېمەكلىككە كۆڭلى تارتسا، ئۇنى كېچىكتۈرمەستىن ئەكىلىپ بېرىش؛

2. كىيىم-كېچەككە ھاجىتى بولسا، ئۇنى دەرھال ھازىرلاپ بېرىش؛

3. بىرەر خىزمەتكە ئېھتىياجى بولسا، خىزمىتىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا قىلىپ بېرىش؛

4. ئاتا-ئانىسى چاقىرسا، دەرھال جاۋاب بېرىپ، يېنىدا ھازىر بولۇش؛

5. گۇناھ بولمايدىغان ھەرقانداق ئىشقا بۇيرۇسا، دەرھال ئىجرا قىلىش؛

6. گەپ-سۆز قىلغاندا، ناھايىتى يۇمشاق، مۇلايىم بولۇش، ھەرگىزمۇ قوپال گەپلەرنى قىلماسلىق؛

7. ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىسمىنى چاقىرماسلىق؛

8. يول يۈرگەندە، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىش؛

9. ئۆزى نېمىنى ياخشى كۆرسە، ئاتا-ئانىسىغىمۇ شۇنى ياخشى كۆرۈش، نېمىنى يامان كۆرسە ئاتا-ئانىسىغىمۇ شۇنى يامان كۆرۈش؛

10. ئۆزى ئۈچۈن دۇئا قىلغان ھەرقانداق ۋاقىتتا، ئاتا-ئانىسىغىمۇ تەڭ دۇئا قىلىش.

مېھنەتكەش ئاتا-ئانىلار ئائىلىنىڭ جاپالىق مۇشەققىتىنى ۋە يۈكىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ، بىزنىڭ خاتىرجەم، بەختلىك ياشىشىمىزغا شارائىت ھازىرلايدۇ. بىز ئاتا-ئانىلىرىمىزنىڭ ھەربىرىمىزنى دەپ جاپا چېكىۋاتقانلىقىنى، قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ياخشىلىقنى بىز ئۈچۈن ھەرگىز ئايىمايدىغانلىقىنى بىلىشىمىز، بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلارنى ھۆرمەتلىشىمىز، دېگەنلىرىنى رەت قىلماي ئورۇندىشىمىز، ئاتا-ئانىمىز چارچاپ قالسا، شۇ ھامان ياردەم بېرىشكە ئالدىرىشىمىز، ئەگەر ياشىنىپ ماغدۇرىدىن كېتىپ قالسا، ياكى كېسەل بولسا، ئۇلارنىڭ ھالىدىن تا ۋاپات بولغۇچە خەۋەر ئېلىشىمىز، قىسقىسى، ئاتا-ئانىمىز ئۈستىدىكى پەرزەنتلىك بۇرچىمىزنى شەرتسىز ئادا قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك.

ئى ياش ئەۋلادلار! يەنە شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئاتا-ئانىلىرىمىز بىزنى ماددىي تۇرمۇش كاپالىتىگە ئىگە قىلغاندىن باشقا، مەنىۋى جەھەتتىنمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەربىيىلەش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىق مېھىر-مۇھەببىتى ۋە زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىدۇ، ئۇلار ھەر ۋاقىت بىزنى پەرۋىش قىلىش كويىدا بولىدۇ ۋە شۇ جەرياندا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىدۇ. شۇڭا بىزمۇ ئاتا-ئانىمىز كۈتكەندەك يارامىلىق، دۇرۇس ئادەم بولۇشىمىز، قەددىمىزنى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك، ھالبۇكى بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال ئاتا-ئانىمىزنىڭ يۈكسەك ئورنىنى تونۇشىمىز ھەم قەدىرلىشىمىز كېرەك.

ئى ياش ئەۋلادلار! ئاتا-ئانىلىرىمىزغا ياخشىلىق قىلىپ، ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالساق، بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىزمۇ بىزنىڭ ھالىمىزدىن ياخشى خەۋەر ئالىدۇ. بىز شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئاللاتائالانىڭ غەزىپى چوقۇم ئاتا-ئانىلىرىنى نارازى قىلغانلارغا بولىدۇ، ئاللاتائالانىڭ لۇتفى-مەرھەمىتى چوقۇم ئاتا-ئانىلارنى رازى قىلغانلارغا بولىدۇ. ھەدىس شەرىپتە **"داۋاملىق ھاراق ئىچكۈچى، ئاتا-ئانىسىنى قاقشاتقۇچى، دەيۈز (ئائىلىسىدە ئىسلام**

دىنىمىزغا خىلاپ ئىشلار بولۇۋاتسا، ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ رازى بولغۇچى) قاتارلىق ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەر جەننەتكە كىرمەيدۇ" دەپ بايان قىلىنغان. كىمكى ئاتا-ئانىسىنى قاقشاتسا، ئۇ كىشىنىمۇ چوقۇم ئۇنىڭ بالا-ۋاقىسى قاقشىتىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق يامانلىققا ئۇنىڭ ئوخشىشى بويىچە جازا قايتۇرۇلىدۇ. بولۇپمۇ، بىزلەرگە توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرگەن، بىزلەرنى مېھىر-شەپقەتلەر بىلەن تۇغقان، ئىككى يىل تولۇق ئېمىتكەن، سۈتىدىن بىزگە ئوزۇق بەرگەن، ئۆزى ئاچ قالسىمۇ بىزلەرگە تائام بەرگەن، بىزنى دەپ بەزىدە كېچىلىرى ئۇيقۇسىز قالغان، قۇچىقى بىزلەرگە ھەممىدىن ئىللىق بولغان، بىزنى بېقىپ تۈزۈك ئادەم قىلىش ئۈچۈن بەھىساب ئەجىر سىڭدۈرگەن ئاشۇ كۆيۈمچان ئانىلىرىمىزنى رەنجىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىشىمىز ئىنتايىن مۇھىم. ساھابىلەردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، مېنىڭ ئەڭ ياخشى ھەمسۆھبەت بولىدىغان ئادىمىم قايسى دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ قېتىم ئاناڭ دەپ، تۆتىنچى قېتىمدا داداڭ دەپ جاۋاب بەرگەن. مانا بۇ ھەدىس ئانىلارنىڭ نەقەدەر ياخشى كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان بىردىنبىر ھەقىقەت! بىز شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، ئوغۇل بالىنىڭ ئانىسىنى قاقشىتىپ ئايالىغا بويسۇنۇشى، قىز بالىنىڭمۇ ئېرىنى دەپ ئانىسىنى خاپا قىلىپ قويۇشى ھەمدە ئۇلارنىڭ دوستىغا ياخشىچاق بولىمەن دەپ ئاتا-ئانىسىنى رەنجىتىپ قويۇشى، ياتلارغا تىز پۈكۈپ، ئۆز يېقىنلىرىغا ھاكاۋۇرلۇق قىلىشى ھەم يامانلىق قىلىشى ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكىنىڭ ئوچۇق-ئاشكارا نامايەندىسى. ھەدىس شەرىپتە شۇنداق دېيىلگەنكى، "ئاللاتائالا خالىسا ھەرقانداق بىر گۇناھنى قىيامەت كۈنىگە كېچىكتۈرىدۇ، لېكىن ئاتا-ئانىسىنى قاقشاتقانلارغا ئاللاتائالا ئازابىنى شۇ كىشى ھايات ۋاقتىدىلا ناھايىتى تېز ئەۋەتىدۇ." شۇڭا بىز ياش ئەۋلادلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەقىقىي بەخت-سائادەتكە ئېرىشەيلى دەيدىكەنمىز، چوقۇم ئاتا-ئانىمىز رازى بولىدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلايلى!

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ تالىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى.)

# ئەۋلادلارغا كۆيۈنۈش توغرىسىدا

△ مۇھەممەت ئىمىن ئابلىھېكىم

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.)

يولباشچىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: **"خالايىق ئىچىدىكى ئاللاغا ئەڭ ياخشى كۆرۈنگەنلەر ئۆز بالا-چاقىلىرىغا ئەڭ ياخشىلىق قىلغانلاردۇر"** (بەيھەقى رىۋايەت قىلغان).

ئەۋلادلارغا كۆيۈنۈش ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مىللىتىمىز ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەردە ئەۋلادلارغا كۆيۈنۈش، ئۇلارغا ئاتىلىق مېھرىنى سوۋغات قىلىش كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بىر قىسىم كىشىلەردە بۇنداق روھ يەنىلا كەمچىل بولماقتا. جەمئىيىتىمىزدىكى ھەر خىل ناچار ئادەتلەرنى تۈزىتىش، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بۇرچى ۋە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى. بولۇپمۇ ئاتىلىق ئورنىنى ئىگەللىگەن ئاتا-ئانىلىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولماس مەسئۇلىيىتى، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ بىزلەردىن تەلەپ قىلىۋاتقان تەشەببۇسى، خەلق ئاممىسىنىڭ

بىزدىن كۈتۈۋاتقان ئۈمىدى. بۇ، پەرزەنتلەرنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ۋە كەلگۈسىدە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش-كەچۈرەلمەسلىكىگە چېتىلىدىغان بىر مەسىلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئىشقا ھەربىر شەخس، ھەربىر ئورگاننىڭ بىردەك كۆڭۈل بۆلۈشىگە توغرا كېلىدۇ. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم» دىكى 66-سۈرە «تەھرىم» نىڭ 6-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: **"ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار."** ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ۋە بالا-چاقىلىرىنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلاپ قېلىشىنىڭ بىردىنبىر يولى بالىلارنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش، بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپ تا ياش قۇرامىغا يېتىپ، ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇۋالغانغاقەدەر ياخشى-يامانىنى بىلدۈرۈپ، ئامانەتنى تولۇق ئادا قىلىشتىن ئىبارەت.

ئاتا-ئانىلار يۇقىرىدىكىلەرنى ئاللانىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى تۈگەيدۇ. كېيىنكى ئىشلارغا بالىلار ئۆزلىرى جاۋابكار بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ھەرقانداق بالا ئىسلام دىنى ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ، ئۇ بالىنى ئاتا-ئانىسى يەھۇدىي قىلىدۇ ياكى ناسارا قىلىدۇ ۋە ياكى مەجۇسى قىلىدۇ"** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

دېمەك، ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ قانداق يېتىشىپ چىقىشىغا سەۋەبچىدۇر. ئاتا-ئانىلار گەرچە بالىلارنى ئىسلام نۇرى ئاستىدا ياخشى تەربىيىلەپ چىققان بولسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى مۇشۇ دۇنيادا ۋە قىيامەت كۈنى چوقۇم كۆرىدۇ، ئەگەر بالىلارنى ئۆز ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە خالىغانچە قويۇپ بېرىپ، ئاللانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يېتىشتۈرەلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ جازاسىنى ئاۋۋال مۇشۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە كۆرىدۇ. يامان بالىنىڭ ئاپىتى ئاتا-ئانىلارنى تۈرلۈك بالالارغا دۇچار قىلىدۇ، قىيامەت كۈنىدىمۇ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلمايدۇ. ئامانەتنى زايا قىلىۋەتكەن كىشى قانداق جاۋابكارلىققا تارتىلسا، پەرزەنتلىرىنى زايا قىلىۋەتكەن كىشىمۇ ئۇنىڭدىن ئېغىر جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. چۈنكى پەرزەنتلەر ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئامانەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلەرنى ياخشى ئەدەب بىلەن ئۇزۇقلاندۇرۇپ يېتىلدۈرۈشى كېرەك. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئاتا-ئانا ئۆز بالىسىغا ياخشى ئەدەب-ئەخلاق ئۆگىتىشتىن ئۈستۈنراق نەرسە، يەنى ئوزۇق بېرەلمەيدۇ"** (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). يۇقىرىقى ئايەت-ھەدىسلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنى بەزىلەر دېگەندەك ئىنسانىيەتكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، ئىنسانىيەتنى جاپادىن باشقىغا چاقىرمايدىغان ۋە ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان دىن بولماستىن، بەلكى ھەقىقەتەنمۇ ئىنسانپەرۋەر، ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان بىردىنبىر ئۇلۇغ دىندۇر. شۇنداقلا يەنە ئۇ بەزىلەر دېگەندەك ئۆزىنىلا بىلىدىغان، باشقىلار بىلەن كارى بولمايدىغان، ئەۋلادلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىدىغان دىن بولماستىن، بەلكى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى ئەۋلادلارغا كۆيۈنۈشكە چاقىرىدىغان، بىر-بىرىگە كۆيۈنۈشكە تەۋسىيە قىلىدىغان، ھەقىقەتەنمۇ ھۆرمەتلەشكە لايىق بىر ئۇلۇغ دىندۇر.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"سىلەر ھەممىڭلار پادىچىلار، ھەر كىشى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى پادىلىرىغا مەسئۇلدۇر"** (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). دېمەك، مەيلى ئاتا-ئانا بولسۇن، مەيلى دۆلەت باشلىقى بولسۇن، مەيلى ئىجتىمائىي ئورۇنلارنىڭ مەسئۇلى بولسۇن، ھەرقانداق بىر مەسئۇلىيەت ئىگىسى بولغان كىشى خۇددى مال باقىدىغان پادىچىلارغا ئوخشايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا مەسئۇلدۇر. بۇنىڭدىن يەنە پەرزەنتلەرگە كۆيۈنۈش

ئاتا-ئانىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يەنە شۇنى تەكىتلەيمىزكى، ئىسلام دىنى قىز-ھەمشىرىلەرگە كۆيۈنۈشنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. چۈنكى ئۇلار مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ياكى تەرەققىي قىلماسلىقىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈپ تەربىيىلەيدىغان ئاساسلىق مەنبەدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**كىمكى ئىككى قىزغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ، بالاغەتكە يەنى ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرالايدىغان ھالەتكە يەتكۈچە ئىگە بولسا، ئۇ ئادەم قىيامەت كۈنى مەن بىلەن خۇددى قولنىڭ ئىككى بارمىقىدەك يېقىن بولىدۇ، يەنى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ**" (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: "**ھەر-قانداق كىشىنىڭ ئۈچ قىزى ياكى ئۈچ ھەمشىرىسى، ياكى ئىككى قىزى، ئىككى ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلار بىلەن ياخشى ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرسا، ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ**" دېيىلگەن. (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.) يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**كىمكى ئۇنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئۇ قىزنى تىرىك كۆمۈۋەتمىسە ۋە ئۇ قىزنى خارلىمىسا ۋە باشقا ئوغۇل بالىسىنى ئۇ قىزىدىن ئۈستۈن قىلىۋالمىسا، ئاللاتائالا ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ**" دېگەن (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىدىكى ھەدىسلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنى بىلىمسىزلەر ئويلىغاندەك ئاياللارنى كەمسىتىدىغان، ئاياللارغا ئورۇن بەرمەيدىغان، ئاياللارنى چاكار ئورنىدا كۆرىدىغان، ئۇلارنى ئىنسانىيەتكە ئەھمىيەتسىز دەپ قارايدىغان دىن بولماستىن، بەلكى ئۇلارنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدىغان، ئۇلارنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان، ئۇلارنى ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشى ئۇلارسىز بولمىسا بولمايدۇ دەپ قارايدىغان، ئاياللارغا كۆيۈنۈشنى، بولۇپمۇ قىز-ھەمشىرىلەرگە كۆيۈنۈشنى بەكمۇ مۇھىم دەپ بىلىدىغان، ئەۋلادلار تەرەققىياتىنى ئىنسانىيەتنىڭ پايدىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدىغان دىندۇر. لېكىن بەزىلەر ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەدىس شەرىپنىڭ يولىيورۇقىغا، جەمئىيەتنىڭ تەقەززاسىغا خىلاپ ھالدا، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئالدىدا ھايا قىلماستىن ھاراق ئىچىش، تاماكا چېكىش، يالغان سۆزلەش، باشقىلارغا قوپاللىق قىلىش، باشقىلارغا ئورا كولاش قاتارلىق ناچار قىلمىشلىرى ۋە بولمىغۇر ئادەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئىش كۆرۈنۈشتە پەرزەنتلىرىگە بىۋاسىتە زىيىنى بولمىغاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن خۇددى يېڭىدىن ئۈنگەن ئۈندۈرمە تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندەك، ئۆسمۈر بالىلارمۇ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ناچار قىلمىشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئاتا-ئانىلارنىڭ بۇنداق قىلمىشى بالىلارنىڭ كېيىنلىكتە جەمئىيەتكە ھەسسە قوشالمايدىغان ئادەم بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: "**ئەلۋەتتە، ئەرنىڭ ئۆز بالىسىغا ئەدەب-ئەخلاق ئۆگەتكەنلىكى ئۇ ئەرنىڭ كۆپ مال سەدىقە قىلغىنىدىن ياخشىدۇر**" (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). مانا بۇ ھەدىستىن نۇرغۇن مال-دۇنيا سەرپ قىلىپ ئېرىشكىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بالىلارنى ياخشى تەربىيىلەش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنە بەزىلەر ھەدىس شەرىپنىڭ يولىيورۇقىغا بويسۇنمىغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۆز مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلماي، ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۆزىگە بولغان يۈك ۋە ئېغىر ئاپەت دەپ بىلىپ، ئۇلارنىڭ قانداق ئادەم بولۇشى ۋە قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى ئويلاپمۇ قويماي، ئۇلارنى باشقىلارغا يۆلىنىشكە مەجبۇرلاپ قويۇۋاتىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بەزى ئالدامچىلارنىڭ تورىغا چۈشۈپ كېتىشىگە يول ھازىرلاپ بېرىۋاتىدۇ، ھەتتا بالىلىرىنى غېرىب ھالەتتە تاشلىۋېتىپ، خۇددى يولدىن ئازغان بىر يولۇچى بىر باشلامچىنىڭ بولۇشىغا تەلمۈرگەندەك

ئۇلارنىڭمۇ بىرەر ئىگە ۋە غەمخورلۇق قىلغۇچىنىڭ بولۇشىغا تەلمۈرۈشكە سەۋەبچى بولۇۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ھالەتتە، ئۇلار ئاسانلا بەزى بۇزۇق كىشىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىكى مېھرىبانلىقىنى ئۆزىگە بولغان ھېسداشلىق دەپ بىلىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ رەزىل تورىغا چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىگە بەك كۆيۈنگەنلىكتىن بولسا كېرەك، ئۇلارغا كىچىكىدىن باشلاپ ھەددىدىن ئارتۇق ئىرادە ئەركىنلىكى ۋە ئىقتىسادىي ئەركىنلىك بېرىۋاتىدۇ. بۇ ئىش دەسلەپتە ئۇلارغا كۆيۈنگەنلىك بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرگەنلىكتۇر. چۈنكى ئاشۇ خىلدىكى كۆيۈنۈش ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كەلگۈسىدە چىدامىلىق، تىرىشچان، كۆيۈمچان ۋە ئەدەب-ئەخلاقلىق بولۇپ يېتىلىپ چىقىشىغا زىيانلىق. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ناچار ئادەتلىرىنىڭ تەسىرىدە تەربىيىسىز يېتىلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى راھەتپەرەس، ھورۇن، ھېچ ئىشقا قىزىقمايدىغان ۋە ئۆز قېرىنداشلىرىنى چۈشەنمەيدىغان ھەم ئۇلارغا كۆيۈنمەيدىغان بولۇپ يېتىلىپ چىقىدۇ-دە، ئوغرىلىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، قاتىللىق قىلىش، قىمار ئويناش، پاھىشىۋازلىق قىلىش، ھېچبولمىغاندا، ھەسەتخورلۇق قىلىش، غەيۋەتخورلۇق قىلىش ۋە چېقىمچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت ناچار قىلمىشلارنىڭ باشلامچىسى ياكى ئىشتىراكچىسى بولۇپ كېتىدۇ. يەنە بەزىلەر ئۆز قىزلىرىنى ۋە ھەمشىرىلىرىنى ئەركىن-ئازادە ياشىسۇن دېسە كېرەك، ئۇلارنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇۋاتقانلىقى، كىملەر بىلەن يۈرۈپ، كىملەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلاۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولماي، ئۇلارنىڭ باشقىلارنىڭ رەزىللىك تورىغا چۈشۈپ كېتىشىگە يول ھازىرلاپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇلار يەنە شۇنداق ئەركىن بولۇپ كەتكەنلىكتىن، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل بۇزۇق كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ، ئاپاق-چاپاق بولۇپ، ئۆز قېرىنداشلىرىغا كۆيۈنمەيدىغان، ئاتا-ئانىلىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان، چوڭلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىمايدىغان، كۆڭلۈم ئۆزى تىلسا بولىدۇ دەيدىغان ناچار كۆزقاراشلارنى ئۆزىگە قوبۇل قىلىپ، كىم ئۇلارنىڭ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرسە، شۇنى ئۆزىنىڭ خوجايىنى دەپ ھېسابلايدىغان بولۇپ، ئاسانلا ھىيلىگەرلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. بەزى ئاتا-ئانىلار بولسا، ئۇلارغا مۇۋاپىق مىقداردا تۇرمۇش پۇلى بەرمەي ياكى ئىگە بولماي، ئۇلارنى ھىيلىگەر-كاززاپلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا تاشلاپ بېرىۋاتىدۇ. بۇنداق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن جەمئىيەتتىكى بەزى رەزىل كىشىلەر ئۇلارنى ئالداپ-سالداپ كۆندۈرۈپ، "زەھەرلىك تۇمان" فىلىمىدىكىدەك، ئۆزلىرىنىڭ تىجارىتى ئۈچۈن مۇھىم قورال قىلىۋېلىۋاتىدۇ. يەنە بەزى ۋىجدانسىزلار ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئاجىزلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا ئازتولا كۆيۈنۈش ئىپادىسىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى رېستوران، كافىخانا، قاۋاقخانا ۋە ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا باشلاپ بېرىپ، ئۇلارغا تۈرلۈك ئىچىملىكلەرنى ئىچكۈزۈپ، ئۇلارنى بىھوش ھالەتكە ئەكىلىپ، ئۇلاردىن ئۆز مەقسىتىنى ھاسىل قىلىۋاتىدۇ، ياكى ئۇ بىچارىلەرنى باشقىلارغا سېتىۋاتىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، بالىلىرىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالماي، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى زايا قىلىۋەتكەن ئاتا-ئانىلار ئاللانىڭ ئالدىدا ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى بالىلاردىن خەۋەر ئالماي، ئۇلارنى ئۆز ھالىغا تاشلىۋېتىش ئەڭ ئېغىر گۇناھى كەبىر قاتارىدىن سانىلىدۇ. بۇ ئىش ئىسلام دىنى ئۈچۈنمۇ ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۈچۈنمۇ چوڭ زىيانلىق. بۇنداق ئەھۋال ئىسلام دىنىنىڭ يۈكسىلىشى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى ئۈچۈن چوڭ توسالغۇ بولماقتا. بۇ ئەۋلادلارغا كۆيۈنۈش-كۆيۈنمەسلىكتە، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشىنىڭ ياخشى

ئۆتۈش-ئۆتمەسلىكىگە، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى پەرزەنتلىرىنى ياخشى يېتىلدۈرۈش-يېتىلدۈرەلمەسلىكىگە باغلىنىشلىق چوڭ مەسىلە. چۈنكى دۇنيانىڭ گۈللىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى پەقەت ئىنسانلار بىلەن بولىدۇ. ئىنسانلار پۈتۈن كائىناتنىڭ پايدىلانغۇچى خوجىسى. شۇنداقلا ئەھمىيەتلىك ئىنسان ئۇرۇقىنىڭ ئەسىرلەر بويى ئۈزۈلۈپ قالماستىن داۋام قىلىپ كېلىشى پەقەت بىر ئەر، بىر ئايالدىن ئىبارەت ئىككى ئاساستىن قۇرۇلغان ئائىلىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق بولىدۇ. ئائىلە ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئىپتىدائىي مەكتىپى بولۇپ، ئاتا-ئانا بۇ مەكتەپنىڭ مەسئۇل مۇئەللىملىرى ۋە ئىگىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەۋلادلارغا كۆيۈنۈشنى ئۆزىمىزنىڭ كەلگۈسىگە ھەسسە قوشقانلىقىمىز دەپ بىلىشىمىز كېرەك.

ھەممىمىز بىرلىكتە ئايەت-ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىغا، جەمئىيەتنىڭ مەزمۇنىغا ماس كەلگەن ھالدا ئەۋلادلارغا كۆيۈنۈپ، ئۇلارغا بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىشكەن، ئۆزىنى ئۆزى تونۇيالايدىغان، بىر ئەۋلاد ياراملىق ئىزباسارلاردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقايلى!

ئاللاتائالا ھەممىمىزنىڭ دىلىغا ئەۋلادلارغا كۆيۈنۈش روھىنى سالسۇن ھەمدە بۇ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ تالىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى.)

## ♠ پەزىلەت ئىگىسى ♠

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى

يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە 53-تۇەن مىللىي 10-ليەننىڭ ئىمامى، بۇ يىل 32 ياشقا كىرگەن ياسىن قارىينى بۇ جايدىكى جامائەت "پەزىلەت ئىگىسى" دەپ تەرىپلىشىدۇ. ياسىن قارىي ئۆزىنىڭ پەزىلەتلىك ئىشلىرىنى ئاۋۋال ئۆزىنىڭ جەمەتى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن باشلىدى، بۇلتۇر ئەتىيازدا ھاممىسىنىڭ نەزىرىنى ئاددىي ئۆتكۈزدى، قېرىندىشى سەمەتجاننىڭ توي مەرىكىسىنى ھەشەمەتسىز ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن 10-، 8-ليەندىكى مۇسۇلمانلار توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغنى ئاددىي ئۆتكۈزىدىغان بولدى. ياسىن قارىي يەنە نىكاھ ھەققىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مۇسۇلمان ئامىمنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشنى تەشەببۇس قىلدى، ئۆزى باش بولغانلىكى تويلاردا ئالدىغا قويۇلغان رەخت ۋە پۇللارنى توي ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەردى. بۇ ئىش تۇەن تەۋەسىدىكى 8000دىن ئارتۇق مۇسۇلمان ئامىمغا تەسىر قىلىپ، ھازىر ھەرقايسى ئورۇندا توي-تۆكۈن بولسا نىكاھ ھەققى ئېلىنمايدىغان، قويۇلمايدىغان بولدى. ياسىن قارىي قاتناشقان 40 تويدا ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا 87 مىڭ يۈەن تېجەپ قېلىندى. ئۇ يەنە 10-، 8-ليەندىكى ياشلار بىلەن پات-پات ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەخلاق-پەزىلىتىنى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ، پەن-مەدەنىيەت ئۆگىنىشىنىڭ مۇھىملىقىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىنى يېڭىلاپ، تۈيۈق يولغا كېتىۋاتقان بىر قىسىم ياشلارنى تىزگىنلەپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ جايدا چوڭ-كىچىك جىنايەت بىر قېتىممۇ يۈز بەرمىدى. ياسىن قارىي يەنە 29 جۈپ قىز-ئوغۇلنى كېچىكىپ توي قىلىشقا دەۋەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ روھىيىتىدىكى خۇراپاتلىقنى تۈگەتتى. ئۇ بۇلتۇر ۋە بۇ يىل بۇ جايدىكى مۇسۇلمانلار بەرگەن ناماز ھەققى، روزا ھېيت پىترىسى ھېسابىدىكى 3000 يۈەن پۇلنى ئۆزى بىر پۇڭمۇ خەجلىۋالماستىن، 10-، 8-ليەندە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئون ئائىلىگە تارقىتىپ بەردى. بۇلتۇر يازدا 8-ليەندىكى ياسىن تۆمۈرچىنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتكەندە، ياسىن ئىمام يۈگۈرۈپ يېرىپ ئامىمنى قوزغاپ، ئوتنى ئۆچۈرۈشكە چوڭ ھەسسە قوشتى. ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى تۇەن رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى خەۋەر قىلدى، مۇسۇلمان ئامما ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتىشتى.

(ھەسەنجان قارىي)

# ئىسلامدىن ئېغىشمايلى

("ئى"، "ئې"غا ئېتىبارلانغان ئىلتىجانامە)

△ ئابدۇلېتىپ مامۇت

ئىسلام — ئىقبال ئىمارىتىنىڭ ئىشىكىدۇر، ئىمانداشلارنى ئېغىش ئېتىكىدىن ئىززەت ئېگىزلىكىگە ئېرىشتۈرگۈچى ئېنېرگىيە، ئىلاھنىڭ ئىلتىپاتىدىكى ئىنتايىن ئىزگۈ ئىنئامدۇر.

ئېلىمىزدىكى ئىخلاسمەن ئىمانداشلار ئىلاھنىڭ ئىلتىپاتىدا ئىمان ئىسلامغا ئېرىشكەندىن ئېتىبارەن، ئېتىقادىدىكى ئىپلاس ئىللەتلەردىن ئېرىغدىلىنىپ، ئىدىيە ئېتىزلىرىدا ئىمان ئىپار گۈللىرىنى ئىچىلدۇرغان، ئىقتىدارلىق ئىماملارنىڭ ئىنچىكە ئىدارە ئېتىشلىرىدە ئىدىيىسىنى ئىلىمدە ئىلغارلاشتۇرۇپ، ئىبادەت-ئىستىغپارلارنى، ئىجىل-ئىناقلىقنى ئىنتايىن ئىززەتلەپ، ئىززەت-ئېتىبارنى، ئىستىقبالىنى ئىشەنچلەشتۈرگەن.


ئېچىنارلىقى ئېنىقكى، ئېلىمىزنىڭ ئىززەت-ئىناۋىتىنى ئىقلىم-ئىقلىملارغا ئىشتكۈزۈشچۈن، ئېسىل ئىدىيىلىك، ئىمانى ئىشەنچلىك ئىمانداشلىرىمىز ئىمان ئىسلامنى، ئىناقلىقنى ئىززەتلەپ، ئېغىرچىلىقلارغا ئېگىلمەي، ئىماندىن، ئىزگۈلۈكتىن، ئىشچانلىقتىن ئېغىشمايۋاتسا، ئىززەتلىنىشنى ئېنىق ئىزاھلىيالمايدىغان، ئىماننى ئېنىقلىيالمايۋاتقان، ئىمانى ئىشەنچسىز ئىنجىمارۇقلار ئېيتقۇسىز ئىللەتلەرگە ئىختىيارلىنىپ، ئېنىق ئىماندىن ئېزىپ، ئىپلاسلىق ئېغىللىرىدا ئېشەكتەك ئېغىنىماقتا. ئىزباسارلىرىمىزدىن ئىلاھنى ئىنكارلاپ، ئېتىقادسىزلىشىۋاتقانلارنىڭ ئىماندىن، ئىزگۈلۈكتىن، ئىشچانلىقتىن ئېزىۋاتقانلىقى ئېنىق. ئىسلامىمىز ئىزنىكىنى ئېسىۋېلىپ، ئېلىمىزنىڭ ئىناۋىتىنى، ئىسلامنىڭ ئىناقلىق ئىنايىتىنى ئېتىبارسىزلاشتۇرۇۋاتقانلارنىڭمۇ ئىمان ئىسلامدىن ئېغىۋاتقانلىقى ئېنىق، ئىقتىسادى ئېشىپ، ئىسراپخورلۇق، ئىشرەتۋازلىق ئىسكەنجىسىدە ئىڭراۋاتقان ئېسىلزادىلەر، ئىپپىتىنى ئىقتىسادقا ئېرۇشتۇرۇۋاتقان ئىشرەتۋازلار، ئىقتىسادقىلا ئىنتىلىپ، ئىماندىن ئېزىۋاتقان ئىقتىدارلىقلارمۇ ئېتىرازىمىزنىڭ ئىشەنچلىك ئىسپاتىدۇر.

ئىلغار ئىدىيىلىك ئىمانداشلار، ئىلىمداشلار! ئىقبال ئىشىكىمىزنىڭ ئىتتىكرەك ئېچىلىشىغا، ئىززەت-ئىناۋىتىمىزنىڭ ئىقلىملار، ئىرقلار ئىچىدە ئېشىشىغا ئىختىيارلىنايلى، ئىسيانكارلارنىڭ ئىغۋالىرىغا ئىشىنىپ، ئىناق-ئىتتىپاقلىقىمىزنى ئېتىبارسىزلاشتۇرمايلى، ئىقتىسادتا ئېشىنالمايۋاتقانلارنى ئېتىبارغا، ئىلھامغا، ئىئانە-ئېھسانغا ئىزچىل ئېرىشتۈرەيلى، ئېغىرچىلىقلارغا ئېگىلمەي ئىلىم ئىزدەيلى، ئىلىم ئېگەللەيلى، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئىززەتلەيلى. ئىچىشۋازلىق، ئىشرەتۋازلىقتەك ئىپلاسلىقتىن، ئىقتىسادنى ئىماندىن، ئىلىمدىنمۇ ئىززەتلەيدىغان، ئېتىقادسىزلىق، ئىسراپخورلۇقتەك ئىللەتلەردىن ئېرىغدىنايلى، ئېنىقكى، ئىماندىن ئېغىشمىساق، ئېبلىسنىڭ ئېزىقتۇرۇشلىرىغا ئېگىلمىسەك، ئىبادەتكە ئېرىنمىسەك ئىلاھنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشەلەيمىز، ئىنشائاللا!

# لۇكچۇن "جاھاننامە" مەدرىسى ۋە "خانلىق" مەدرىسى توغرىسىدا

△ شېرىپ خۇشتار

15-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تۇرپان رايونىدا ئىسلام دىنىي كەڭ تارقالغانىدى. بۇ چاغدا قوچۇ ۋە لۇكچۇنلەر بىرلەشتۇرۇلۇپ، تۇرپان خانلىقى قۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن، جايلاردا مەسچىت-مەدرىس سېلىش ئىسلام دىنىي شەرىپىنىڭ ئەنئەنىسى بولغان. بەزى ئېغىزاكى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئەينى يىللاردىكى قاراقوچۇ خانلىقىنىڭ ئەمىرى ئاۋامسلىم❶ مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولۇپ، كۆپلىگەن مەسچىت-مەدرىس بىنا قىلدۇرغان. ئۇ، مىلادىيە 1549—1550-يىللاردا ھەج قىلغان بولۇپ، ھەجدىن قايتىپ كەلگەندە، خاتىرجەم ھەج قىلغانلىقىنى قۇتلۇقلاپ، دەسلەپ لۇكچۇن ئوردىسىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە بىر مەسچىت سالدۇرۇپ ئازنا "جۇمە" مەسچىتى دەپ ئاتىغان. كېيىن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىنى ئەسكە ئېلىپ، بىر بۆلۈم ئەھلى ئىلمى كىشلەرنى بۇخارا ۋە قەشقەرگە ئەۋەتىپ ئىلىم تەھسىل قىلدۇرغان. تالىپلار يۇقىرى ئۇنۋان بىلەن مەدرىس پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، "ئاللامە" ئۇنۋانىدىكى ئېلى ئەلەم ئاخۇنۇمغا مەدرىس سېلىش يارلىقىنى بەرگەن، ئېلى ئەلەم ئاخۇنۇم خان يارلىقى بىلەن ئازنا مەسچىت ئەتراپىغا دەرەسخانا، ھۇجرا سالدۇرۇپ، لۇكچۇن تارىخىدا تۇنجى ئالىي بىلىم يۇرتى—"مەدرىس" بىنا قىلغان. بۇ مەدرىس تەخمىنەن 1568-يىلى پۈتۈپ ئوقۇش باشلىغان. ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا بۇ مەدرىسكە "جاھاننامە مەدرىس" دەپ نام بېرىلگەن، ئېلى ئەلەم ئاخۇنۇم "جاھاننامە" مەدرىسىنىڭ تۇنجى مۇدەررىسى بولغان.



مىلادىيە 1730-يىللاردىن 1740-يىللارغىچە "جاھاننامە" مەدرىسىدە ئوقۇغان ئاتاقلىق شائىر ئەخمەت خوجامنىياز (قىسۇرى) مۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بۇ مەدرىسكە مۇدەررىس بولغان. تارىخىي بايانلارغا قارىغاندا، "جاھاننامە" مەدرىسى، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى لۇكچۇن (پىچان ناھىيىسى) نىڭ بىردىنبىر ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان.

1755-يىلى (چيەنلۇڭ 20-يىلى) چىڭ سۇلالىسى ئەسكەر چىقىرىپ جۇڭغارنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن، ئالتە شەھەر (قەشقەرىيە) گە يۈرۈش قىلدى. شۇ يىللاردا چىڭ سۇلالىسى

❶ تارىخىي ماتېرىياللاردا 1503-يىلدىن 1547-يىلغىچە شەرقىي شىنجاڭ (قارا شەھەردىن قۇمۇلغىچە) نىڭ ھۆكۈمرانى سۇلتان مەنسۇرخان (سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاكىسى) ئىدى، دېيىلىدۇ.

قوشۇننىڭ ھەربىي يۈرۈشكە ماسلىشىپ خىزمەت كۆرسەتكەن ئىمىن خوجىغا 1763-يىلى چىڭ خاندانلىقى "دۆلەتجۇنۋاڭ" ئەملى بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىمىن خوجا "لۈكچۈن بەگلىكى"نىڭ "ۋاڭى" بولىدۇ. ئىمىن خوجا ۋاڭلىق مەنسىپىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، لۈكچۈن قەدىمىي ئوردىنىڭ شىمال تەرىپىگە (ئوردىغا يانداش قىلىپ) مەدرىس❶ سالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا "لۈكچۈن بەگلىك (ۋاڭلىق) مەدرىسى" دەپ نام بېرىدۇ. بۇنىڭ ئورنى تەخمىنەن 30 مودىن ئارتۇقراق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىمارەت قۇرۇلمىسى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان. ئۇنىڭ ئەگمە بەشتاقلىق دەرۋازىسى شەرققە قارىغان بولۇپ، دەرۋازىنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىدا 40 مېتر ئېگىزلىكتە ئىككى مۇنارى بار. دەرۋازىدىن مەدرىس ھويلىسىنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدە، ئۈچتىن ئالتە دەرسخانا بولۇپ، ئارىلىقتا كەڭلىكى 150 مېتر ئەتراپىدا بولغان مەيدان بار، بۇ مەيداننىڭ غەربىي شىمالىدىن جەنۇبقا توغرىسىغا سېلىنغان خانقا، خانقانىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدا 12دىن 24 گۈمبەزلىك ھۇجرا بولغان❷، خانقا 80 تۈۋرۈكلۈك پاشايۋان (لەمپە) دىن ئىبارەت بولۇپ، خانقا بىلەن تۇتاش سېلىنغان 80 مېتر ئۇزۇن، 16 مېتر كەڭلىكتە ئېگىز گۈمبەزلىك مەسچىت بولغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىمىن ۋاڭ سالدۇرغان مەزكۇر مەدرىس كېيىنكى يىللاردا كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان.

بۇ مەدرىسكە ھەر يىلى پىچان، تۇرپان، توقسۇن، كورلا، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، مورى ۋە قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىن ئاز دېگەندىمۇ 1000دەك تالىپ كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. مەدرىستە ئەرەب تىلى، پارس تىلى، ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىيات، شەرىئەت قانۇنى ۋە پارائىز (ھېساب) قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەن.

ئەدەبىيات دەرسىدە ئابدۇراخمان جامى، ئەلىشىر ناۋائى، خوجا ھاپىز، شەيخى سەئدى، فوزۇلى، نىزامى گەنجىۋى، فەرىدۇن ئەتتار، قول خوجا ئەخمەت — شاھ مەشرەپ قاتارلىق مۇتەپەككۇر، يازغۇچى-شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۆتۈلگەن.

بۇ مەدرىستە ئەمىر ھەق ئابدۇللا، غوجامنىياز ئاخۇن، ئەخمەت ئەلەم ئاخۇن، ئېلى ئەلەم ئاخۇنۇم، ئۇۋەيت ئەلەم، ئىمران ئەلەم قاتارلىق بىزگە مەلۇم بولغان 20دىن ئارتۇق ئەھلى ئۆلىمالار مۇدەررىس بولغان.

بۇ مەدرىسنىڭ ۋەخپە يېرى 12 بۆلۈم (720 مو) بولۇپ، ھەر يىلى بۇ ۋەخپە يەردىن مەدرىسكە 400 دادەن (بىر دادەن 400 جىڭدىن ئارتۇق) دىن ئارتۇق ئاق-قارا ئاشلىق كىرىم قىلغان. بۇ كىرىم ئاشلىق شەرىئەت قائىدىسى بويىچە نىسبەتلەشتۈرۈلۈپ، مۇدەررىسلەرنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن بېرىنچى دەرىجىگە 16 دادەن، ئىككىنچى دەرىجىگە 12 دادەن، ئۈچىنچى دەرىجىگە سەككىز دادەن، تۆتىنچى دەرىجىگە تۆت دادەندىن ئاشلىق بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇتەۋەللى، جارۇپكەش ھەققى ۋە كەمبەغەل تالىپلارنىڭ تاماق ھەققى قاتارلىق راسخوتلارمۇ مۇشۇ ۋەخپە ئاشلىقىدىن

---

❶ "جاھاننامە مەدرىسى" توغرىسىدىكى بايانىدا، "جاھاننامە مەدرىسى" ئوردىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە سېلىنغانىدى. ئىمىن خوجا سالدۇرغان "لۈكچۈن بەگلىك مەدرىسى" ئوردىنىڭ شىمالىغا سېلىنغان بۇ بەگلىك مەدرىسى 1957-يىلغىچە مەۋجۇت ئىدى. ئىمىن خوجا مەدرىس سالدۇرغاندىن كېيىن، "جاھاننامە" مەدرىسى ئىز-دېرەكسىز قالغان. ئىمىن خوجا سالدۇرغان "بەگلىك مەدرىسى" جاھاننامە مەدرىسى"نىڭ ئورنىغا سېلىنغانمۇ؟ ياكى رېمونت قىلىنىپ شۇنداق ئاتالغانمۇ؟ بۇنى بىلگۈچىلەر ئىسپاتلىسا.

❷ گۈمبەزلىك ھۇجرا ئەسلىدە قەشقەردىكى ئاپاق خوجا (ھىدايىتۇللا ئىشان) مەسچىتىدىكى 40 گۈمبەزدىن ئۈرنەك ئالغانىمش.

چىقىرىلغان.

بۇ مەدرىستە ئوقۇغانلارنىڭ كۆپىنچىسى بەگلىك دائىرىسىدىكى مەدرىسلەردە مۇدەررىس، دىنىي مەكتەپلەردە موللا-خەلپەت، مەسچىتلەردە ئىمام-خاتىپ، ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا ئوردا خەتتاتى، كاتىب بولۇپ ئىشلىگەن. يەنە ئاز ساندىكى بەگزادىلەر ھاكىمبەگ، تەيجى، جاساق باشقۇرغۇچى، جۇڭشۇاڭلىقتا ۋارىسلىق قىلغۇچى، ئىشىك ئاغا، ئايماق بېشى، مىڭ بېشى ۋە كۆك بېشى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. بۇ مەدرىسنىڭ تۇنجى تالىپى ئەخمەت خوجامنىياز (قىسۇرى) ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مەدرىسكە مۇدەررىس بولغان. بەگلەردىن قەشقەرغە ھاكىمبەگ بولغان زوھۇردۇن بەگ (ئىمىن خوجىنىڭ ئەۋرىسى) مۇشۇ مەدرىستە ئوقۇغان (زوھۇردۇننىڭ ئاتىسى يەركەندە ئىشىك ئاغا بولغان مەھمۇت، ئۇنىڭ ئاتىسى نۇر-مۇھەممەد، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىمىن خوجا ئىدى).

فىرىدۇن ۋاڭ (بەگ) نىڭ ئوغلى مۇھەممەد سەئىدمۇ مۇشۇ بەگلىك مەدرىسىدە ئوقۇپ يەركەنگە ھاكىمبەگ بولغان. مۇھەممەد سەئىدنىڭ ئوغلى ئەپىردىن مۇشۇ مەدرىسنى تۈگىتىپ، دەسلەپ لۈكچۈندە، كېيىن يەركەندە، زوھۇردۇن بەگنىڭ ئورنىغا ھاكىمبەگ بولغان. سۇلايمان ھاكىمبەگنىڭ ئەختەربەگ، مۇختەربەگ دېگەن باللىرىمۇ مۇشۇ مەدرىستە ئوقۇغان، بۇلاردىن ئەختەربەگ ئىلىدا ئەمەل تۇتقان، «دىۋان نىيازى» نىڭ ئاپتورى شائىر نىيازى، خەلق قىزىقچىسى موللازەيدىن، جامائەت ئەربابى، ئىنقىلابىي شائىر نەمەت خەلپەت، مەرىپەتپەرۋەر جامائەت ئەربابى تاھىربەگ قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ مەدرىستە بىلىم ئالغان. بۇ مەدرىس 1956-يىلى بۇزۇۋېتىلگەنگە قەدەر قەددىنى ساقلاپ كەلگەن.

1931-يىلدىكى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ نەتىجىسىدە شىنجاڭدا يېڭى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. 1933-يىلدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشى بىلەن شىنجاڭدا يېڭى مەكتەپ ئېچىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. 1933-يىل 12-ئايدا قەشقەردە تۇنجى بولۇپ "ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى" قۇرۇلدى. بۇ ئۇيۇشما يېڭى مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشنى ئۈستىگە ئالغان بىر ئىجتىمائىي خەلق تەشكىلاتى ئىدى. بۇ ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇنىڭغا نۇرغۇن مەبلەغ لازىم بولاتتى. بۇ چاغدا قەشقەردە ھەربىي قوماندان بولۇپ تۇرغان مەھمۇت مۇھىتى (مەھ-مۇت سىجاڭ) ئوتتۇرىغا چىقىپ "ئىسلاھ مادارىسى ۋە ماساجىد ھەيئىتى" (مەدرىس-مەسچىتلەرنى ئىسلاھ قىلىش ھەيئىتى) قۇرۇپ، قەشقەر تەۋەسىدىكى بارلىق ۋەخپىسى بار مەسچىت-مەدرىسلەرنىڭ ۋە مازارلارنىڭ ۋەخپىسىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن يېڭى مەكتەپ ئاچتى ۋە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئومۇمىي راسخوتى فوندى قىلدى. قەشقەردە قۇرۇلغان بۇ "ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى"نىڭ ئىلغار تەجرىبىسى 1934-يىلى ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە كېڭەيتىلىپ، ئۈرۈمچىدە ئابدۇراخمان ھاجىم، كېرىمخان ئەپسازادە ۋە تاھىربەگ (لۈكچۈنلۈك) لەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان ۋە بۇ تەجرىبە شىنجاڭدىكى ئون ۋىلايەت، 64 ناھىيىگە تەڭ كېڭەيتىلگەن. بۇ چاغدا لۈكچۈندە "ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى" قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئۇيۇشما لۈكچۈندىكى بارلىق ۋەخپىلەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، بۇنىڭ بىلەن يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇپ، يېڭى مەكتەپ ئاچقان. دەل شۇ چاغدا، بەگلىك مەدرىسلەرنىڭ ۋەخپىسى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بۇ ۋەخپىدىن 1949-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پايدىلىنىپ، 1950-يىلى ۋەزىپىسىنى ئىنتىپاققا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. 1953-يىلى ئىنتىپاق ۋەزىپىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، پۈتۈن شىنجاڭدىكى جۈملىدىن لۈكچۈندىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىقتىسادى خەلق ھۆكۈمىتى ئىختىيارىدا بولدى.

# قىرغىز خەلقىدىن چىققان مەرىپەتپەرۋەر ئۆلىما

# ھۇسەيىن ھاجى داموللام

△ شەمشىدىن ھاجى

مەن بۇنىڭدىن 19 يىل ئىلگىرى، يەنى 1980-يىلى، ئەينى ۋاقىتتىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قىزىلسۇ قىرغىز ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھۇسەيىن ھاجى داموللام بىلەن ھەج سەپەرداش بولۇپ، 16 كىشىلىك جۇڭگو ھەج ئۆمىكى تەركىبىدە بىللە ھەج تاۋاب پەرزىنى ئادا قىلىپ كەلگەن بولۇپ، شۇ چاغدىلا ھۇسەيىن ھاجى داموللامنىڭ دىنىي ۋە ئىلمىي ئەقىدە ھەم بىلىمگە چىن قەلبىمدىن قول قويغانىدىم. ھۇسەيىن ھاجى داموللام ھەقىقەتەن يالغۇز قىرغىز خەلقىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىن چىققان دىنىي، ئىلمىي ۋە سىياسىي جەھەتتە ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر ئالىم ۋە ئۆلىما.

ھۇسەيىن ھاجى داموللام ھازىر مىلادىيە بويىچە 83 ياشقا (ھىجرىيە بويىچە 86 ياشقا) كىرگەن بولۇپ، 1916-يىلى 11-ئايدا شىنجاڭنىڭ ئاقچى ناھىيىسى قاراچى يېزىسىدا ھەسەن ئەلى دېگەن مەرىپەتپەرۋەر قىرغىز چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ يەتتە يېشىدىن (يەنى 1923-يىلدىن) تارتىپلا، قىرغىزىستاندىن كەلگەن ئالمقۇل موللا دېگەن كىشىنىڭ قولىدا ئوقۇغان. يۇۋاش ھەم سەگەك، ئوقۇشقا ھېرىسمەن ۋە تىرىشچان ھۇسەيىن بۇ موللامدىن ئېلىپبە، قۇرئان، قىرائەت، تەجۋىد قائىدىلىرى، ھېساب (تۆت ئەمەل)، ناماز قائىدىلىرى ھەمدە تاتارچە ئەدەبىي كىتابلارنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاقچى ۋە ئاتۇشتا ئاتاقلىق ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شاگىرتى ۋە كۈيئوغلى ھاشىم قازى ئاخۇنۇمدا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى، ھىندىستاندا ئىلىم تەھسىل قىلىپ مەۋلىۋىلىك ئۇنۋانى ئېلىپ كەلگەن ئاتۇشنىڭ داڭلىق ئۆلىماسى ئابىدىن مەۋلىۋىدىن ئەرەب تىلى قائىدىلىرى— گىرامماتىكا، ئىلمى سەرف (مورفولوگىيە)، ئىلمى نەھۋى (سىنتاكسىس) ھەمدە تەپسىر، ئىلمى فىقھە، ئىلمى ھەدىسلەرنى ھەم ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە، تاتارچە كىتابلارنى تا 1933-يىلغىچە ئون يىل ئوقۇغان. ئىلىمگە ھېرىسمەن ھۇسەيىن يەنە، شۇ يىللاردا قىرغىزىستاندىن كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان زىيالىي نۇرۇز بايدىن دۇنيا مەلۇماتى، جۇغراپىيە، ئىسلام دىنى تارىخى، مىللەتلەر تارىخى ھەمدە لاتىنچە، سلاۋيانچە يېزىقلارنى ۋە كالېندارچىلىق ئىلمىنى ئۆگەنگەن، شۇنداقلا يەنە ناۋايى، فارابى، سەئدى، جامى، جالالىدىن رۇمى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگەنگەن. 1937-يىلدىن 1939-يىلغىچە ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، 1943-يىلغىچە ئاقچى قىرغىز ئۇيۇشمىسىدا مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىغا مەسئۇللۇق، مۇپەتتىشلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، جۇڭخۇانى قۇتقۇزۇش خىزمىتىدە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن. ئازادلىقتىن كېيىن ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقان ۋە نۇرغۇن ئىجتىمائىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ ھەقىقەتەن ئىجتىمائىي ئەرباب دەپ ئاتىلىشقا لايىق زات. ئۇ 1953-يىلدىن تارتىپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان، 1955-يىلدىن باشلاپ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋە 1980-يىلدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ كەلمەكتە. 1956-يىلى شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ تا 1998-يىلنىڭ ئاخىرىغىچە مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى

بولغان. 1959-يىلدىن تارتىپ تا ئۆتكەن نۆۋەتكە قەدەر قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. 1960-يىلىدىن 1977-يىلغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان. 1977-يىلدىن تارتىپ تا 1998-يىلغىچە تۆت نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان. 1987-يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىغا مۇئاۋىن مۇدىر ۋە 1993-يىلدىن باشلاپ پەخرىي مۇدىر بولغان. داموللا ھاجىم يەنە ئۆزىنىڭ 50 ياشقا يېقىن بىرىپ قالغىنىغا قارىماي، پېشقەدەم داموللالاردىن ئابدۇغېنى داموللا ھاجىم، ئابلا داموللا ھاجىم، ئىبراھىم قازى ھاجىم قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە 1962-يىلدىن 1965-يىلغىچە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئۆلىمالار تەتقىقات سىنىپىدا ئوقۇپ، تەپسىر، ھەدىس، ئىسلام تارىخى، ھازىرقى زامان ئەرەب تىلى قاتارلىق ئىلىملەر بويىچە بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان.

ھۇسەيىن داموللا ھاجىم دىنىي ئالىم بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بىر تىلشۇناس بولۇپ، قىرغىز تىلىنى پۇختا بىلىپلا قالماستىن، ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە، چاغاتايچە، تاتارچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە تىللارنىمۇ ئوبدان ئىگەللىگەن، ھەتتا خەنزۇچىغىمۇ خېلى پۇختا بولۇپ، ئىختىيارەن پىكىر ئالماشتۇرالايدۇ ۋە ئادەتتىكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنالايدۇ. مەن 1980-يىلى داموللا ھاجىم بىلەن بىللە بولغان پاكىستاندىكى ئون نەچچە كۈنلۈك زىيارەتتە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ھەج پائالىيىتى مەزگىلىدە، بۇ ئۆلىمانىڭ چوڭقۇر دىنىي بىلىمى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، سىياسىي ئاڭ سېزىمى، ئالىيجاناب ئەخلاق پەزىلىتى ۋە ئەرەبچە سەۋىيىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدىم. زىيارەت جەريانىدا كۆپ ھاللاردا مەملىكىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ۋە "تۆت كىشىلىك گورۇھ" (ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئەللەردە "تۆت كىشىلىك گورۇھ"نى "تۆت مەرەز" دەيدىكەن)نىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە قىلغان زىيانكەشلىكلىرىنى پاكىستان ۋە ئەرەب ئۆلىمالىرىغا ھازىرقى زامان ئەرەب تىلىدا سۆزلەپ چۈشەندۈرگەنىدى، شۇ چاغدىكى زىيارەتتە ۋە كېيىنكى ۋاقىتتىكى ئەرەب ئەللىرىگە قىلغان زىيارىتى داۋامىدا ھەتتا بەزى چاغلاردا تەرجىمانلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتىگەنىدى.

ئۇ دىنىي ئىلىمنى جەمئىيەتتىكى ئەمەلىي ئىشلارغا ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق-تەشەببۇسلارغا زىچ بىرلەشتۇرۇپ جامائەتنى يېتەكلىگۈچى ۋە تەربىيىلىگۈچى ئۇستاز بولۇپ، ئاقچى، ئاتۇش ۋە باشقا جايلاردا جامائەت دائىم ئۇنى ۋەز-تەبلىغ قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ، ئۇ ھەرقاچان شۇ جامە مەسچىت ئەھلىنىڭ تىلى بويىچە (ئۇيغۇرچە ياكى قىرغىزچە) ۋەز-نەسىھەت ئېلىپ بېرىپ، «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپ، تەپسىر، فىقھەلەردىن دەلىل ۋە مىسال كەلتۈرۈپ، جامائەتنى ئىسلام ئەخلاقى، دىنىي پائالىيەت، كىشىلىك تۇرمۇش، ياخشى ئىشلارنى قىلىش، يامان ئىشلارنى ھەرگىز قىلماسلىق، ھالال ئەمگەك بىلەن ياشاش قاتارلىق جەھەتلەردە تەربىيىلەپ كەلگەن. ئۇ ئىجتىمائىي ئەرباب بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھۆكۈمەتكە توختىماي مۇۋاپىق تەكلىپلەرنى بېرىپ، نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ ھەل بولۇشىغا كۆپ تۆھپە قوشقان.

ئۇ يەنە بىلىم ۋە ئىنتىپاق، تەتقىقات دائىرىسى كەڭ بىر ئىلمىي خادىم ۋە يازغۇچى. كىچىكىدىنلا يازغۇچىلىققا ھېرىسمەن ھۇسەيىن ھاجىم ئۆمرىدە بىرمۇنچە دىنىي ماقالىلەرنى ۋە شېئىرلارنى يازغان، بۇلار ئۆز ۋاقتىدا قىرغىزچە گېزىتلاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇ قىرغىزلارنىڭ دۇنياغا داڭلىق «ماناس» داستانىنى توپلاش، رەتلەش ۋە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش ئىشىغا شۇ گۇرۇپپىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى سۈپىتىدە قاتناشقان، شۇنداقلا بۇ داستاننى ئېيتقۇچى يۈسۈپ مامايغا مەسلىھەتچى بولغان ھەمدە «ماناس» داستانى ھەققىدە بىرمۇنچە ئىلمىي ماقالىلەرنى يازغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەھمىيەتلىك بىر ئەمگىكى شۇكى، داموللا ھاجىم قىرغىز پېشقەدەملەردىن ئەتراپلىق ئەھۋال ئىگەللەپ ھەم ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە،

خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ «قىرغىز خەلقىنىڭ شەجەرە تارىخى» دېگەن ئىلمى ئەسەرنى يېزىپ چىقىپ، قىرغىزلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۇرۇقلارغا بۆلۈنۈشى، ئۆرپ-ئادىتى، تارىختا ئېتىقاد قىلغان دىنلىرى ۋە زۇلۇمغا قارشى كۈرەشلىرى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرغان. بۇ ئەسەر چىققاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزدىكى ۋە قىرغىزىستاندىكى قىرغىز خەلقىنىڭ يۇقىرى باھاسى ۋە ماختىشىغا مۇيەسسەر بولغان ھەمدە گېزىت-ژۇرناللاردا ئالاھىدە مەدھىيىلەنگەن.

ئۇ يەنە ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇغان كالېندارچىلىق ئىلمىغا ئاساسەن، تاتارلارنىڭ كالېندارچىلىق ھەققىدىكى ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى تېخىمۇ تولۇقلاپ ۋە ئۇزارتىپ، 700 يىللىق «دائىمىي تەقۋىم» (مەڭگۈلۈك كالېندار) دېگەن ئەسەرنى ئىشلەپ چىققان.

بولۇپمۇ دىنىي ئىلىم جەھەتتە، 1965-يىلى جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقات سىنىپىنى پۈتتۈرگەن چېغىدىلا «ئىسلام دىنىدىكى سوپىزىم ۋە ئۇنىڭ دۇنياغا تارقىلىشى» دېگەن دىسسېرتاتسىيە ماقالىسىنى يېزىپ، ئالىم-ئۇستازلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى. كېيىنكى يىللاردا قىرغىز خەلقى ۋە زىيالىيلىرىنىڭ تەكلىپى ۋە تەلىپى بويىچە نۇرغۇن ئەجىر بىلەن «قۇرئان كەرىم»نى ھازىرقى زامان قىرغىز ئەدەبىي تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان، ئىنشائاللا! ئالىمنىڭ بۇ تەرجىمە ئەسىرى نەشر قىلىنغۇسى. مەزكۇر ئۆلىمايىمىز يەنە ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەنىمۇ ئەھمىيەتلىك سوۋغات قالدۇرۇش نىيىتىدە «شىنجاڭ ئىسلام دىنى تارىخى» دېگەن ئەسەر ئۈستىدە كۆپ ئىزدەندى، ئىزدىنىۋاتىدۇ ۋە يېزىشقا كىرىشتى. ئۇ يەنە دائىم «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا ئىلمىي ماقالە، ئۆلىمالارنى تونۇشتۇرۇش ئەسەرلىرىنى ۋە ژۇرنال توغرۇلۇق قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئەۋەتىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

بۇ پېشقەدەم ئۆلىمايىمىز ھازىرغاقەدەر ئۈچ نۆۋەت (1957-يىلى، 1980-يىلى، 1993-يىلى) ھەج تاۋاب زىيارىتىدە بولدى. 1993-يىلدىكى ھەج سەپىرىدە جۇڭگو ھەج ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولۇپ بارغانىدى. شۇنداقلا يەنە ئۇ مىسىر، پاكىستان، سۇمالى، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، كۇۋەيت، قەتەر، بەھرەيىن، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق ئەرەب ئەللىرىدە دوستانە زىيارەتتە بولغان، زىيارەت جەريانىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ دىنىي، مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، خەلقئاراغا مەملىكىتىمىزنى تونۇتۇشقا تۆھپە قوشقان، زىيارەتتىن قايتىپ كېلىپ، «ئوتتۇرا شەرققە سەپەر»، «ئافرىقىنىڭ بولۇڭغا ساياھەت» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان ھەمدە سەئۇدى پادىشاھى تەقدىم قىلغان ئەرەبچە بىر كىتابچىنى تەرجىمە قىلىپ سىياسىي كېڭەشكە بەرگەن.

ھۈسەيىن ھاجىم يەنە ئىلمىي خادىم بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق دىنشۇناسلىق ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي كېڭەش ئەزاسى، «ماناس»نى توپلاش، تەتقىق قىلىش، تەرجىمە قىلىش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قىرغىز ئېغىز ئەدەبىياتى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى زىممىسىگە ئالغان. ھۈسەيىن ھاجىم شۇنچە زور شەرەپ، شۇنچە چوڭ مەرتىۋە، شۇنچە كۆپ ئەمەللەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما باشتىن-ئاخىر ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ھەقىقىي بىر ئۆلىماغا خاس خىسلەتنى ساقلاپ، بۇ شەرەپ، مەرتىۋە، ئەمەللەرنى پاك تۇتۇپ كەلدى، باشتىن-ئاخىر ئاددىي-ساددا ياشاپ، دۇنيا-مەئىشەت قوغلاشمىدى، كىچىك پېئىل ۋە كەمتەر بولۇپ، ئاممىدىن زادى ئايرىلىپ قالمىدى. ھۈسەيىن ھاجىمنىڭ كەمتەر، ئاق كۆڭۈل، كۆيۈمچانلىق پەزىلىتى، ئۆمۈر بويى تىرىشىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش روھى، ئاددىي-ساددا، چىداملىق، سەۋر-تاقەتلىك خىسلىتى، ھەممە ئىشتا ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتىدىغان ئېسىل ھەقىقەتەن ھەممىمىزگە ئۈلگىدۇر.

پېشقەدەم ئۆلىمايىمىز ھۈسەيىن ھاجى داموللامغا ئاللاتائالا ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

# مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد سالىھ هاجىم ماراكەش پادىشاھى ھەسەن I نىڭ رامىزانلىق لېكسىيە يىغىنىغا قاتناشتى

ماراكەش ئىسلام فوندى ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى ئابدۇكەبىرنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇدىرى مۇھەممەد سالىھ هاجىم 1999-يىل 1-ئاينىڭ 12-كۈنى ماراكەشكە بېرىپ، ئۇنىڭ پايتەختى رابات شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن پادىشاھ ھەسەن Ⅱ نىڭ رامىزانلىق لېكسىيە يىغىنىغا قاتناشتى.

رامىزانلىق لېكسىيە يىغىنى ماراكەش پادىشاھى ھەسەن Ⅱ ئۆزى بىۋاستە رىياسەتچىلىك قىلىپ ئۆتكۈزىدىغان خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بولۇپ، ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا چاقىرىلىدۇ، ئۇنىڭغا ماراكەش ۋە چەت ئەللەردىكى مەشھۇر مۇسۇلمان مۇتەپەككۇرلار، پەيلاسوپلار ۋە دىنىي ئۆلىمالار قاتنىشىدۇ. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى كۆپ قېتىم تەكلىپكە بىنائەن بۇ پائالىيەتكە ئادەم ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇپ، ياخشى ئۈنۈم ۋە تەسىرات پەيدا قىلدى.

مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد سالىھ هاجىم بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە قاتنىشىپ، ماراكەش ئىسلام فوندى ۋازارىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى مۇئامىلىدە كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى، ۋازارەتنىڭ ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، غەيرىي ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئۆلىما-ئالىملىرىدىن بىرى سۈپىتىدە، يىغىنغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ھەرقايسى ئەللەر مۇتەپەككۇرلىرى، پەيلاسوپلىرى ۋە دىنىي ئۆلىمالىرىغا ۋەكىل بولۇپ، رامىزاننىڭ قەدىر كېچىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن يىغىن ئاخىرلىشىش مۇراسىمىدا پادىشاھ ھەسەن Ⅱ گە تەشەككۇر نۇتقى سۆزلەپ قىزغىن ئالقىش ۋە مەدھىيىگە مۇۋەپپەق بولدى ۋە ماراكەشتىكى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، 1-ئاينىڭ 23-كۈنى ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. (ئادىلجان)

# تۇنىسنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى

1999-يىل 2-ئاينىڭ 2-كۈنى تۇنىسنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مۇھەممەد مۇنجى رەبىب جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى ۋەن ياۋبىن، مۇئاۋىن رەئىس ما يۈنفۇلار مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى. ئالدى بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ جۇڭگو-تۇنىس ئىككى مەملىكەت ھۆكۈمىتى، خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىكى دوستانە بېرىش-كېلىش مۇناسىۋىتىنى ئەسلەپ ئۆتۈشتى. ئاندىن كېيىن مۇئاۋىن رەئىس ۋەن ياۋبىن مېھمانلارغا جۇڭگو ئىسلام دىنى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، غەرب ئالىملىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئاتالمىش "جۇڭگو تەھدىدى نەزەرىيىسى" ۋە "ئىسلام تەھدىدى نەزەرىيىسى"نىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە سىياسىي مەقسىتىنى تەھلىل قىلىپ ئۆتتى. مېھمانلار ۋەن ياۋبىننىڭ قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىغا تەشەككۇر ئېيتتى ۋە ئۇنىڭ ئەستايىدىل تونۇشتۇرۇشى ۋە تەھلىلىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە: تۇنىس ئىسلام ئەللىرىدىن بىرى، بىز ئىككى تەرەپ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىمىز ۋە ماسلاشتۇرۇشىمىز، ئىككى تەرەپنىڭ دوستانە بېرىش-كېلىشىنى كۈچەيتىشىمىز، بىزگە ئورتاق بولغان ئىسلام مىراسلىرىنى قوغدىشىمىز لازىم، دېدى. كۆرۈشۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ساھىبخان ۋە مېھمانلار بىللە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. (چاڭ چىڭلياڭ)

# تۆھپىكار دىنىي زاتلار

1998-يىلى **تۇرپان شەھرىدىكى** دىنىي زاتلار ئاپەت رايونلىرىغا 10 مىڭ يۈەن، ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش سىنىپىغا 65 مىڭ يۈەن، يېزا-بازارلاردىكى يول قۇرۇلۇشى، دوختۇرخانا قاتارلىقلارغا 64 مىڭ يۈەن، مائارىپقا 50 مىڭ يۈەن، نامراتلارغا 50 مىڭ يۈەن، جەمئىي 229 مىڭ يۈەن نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىپ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە، ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

(شاھمەردان ئىمىننىياز)

○ **پىچان ناھىيىسىدىكى** ھەر مىللەت دىنىي زاتلىرى ناھىيىنىڭ تىنچ-ئىتتىپاق ۋەزىيىتىنى قوغداشقا ئاكتىپ تۆھپە قوشۇپلا قالماي، ئۆتكەن يىل نامرات ئائىلىلەرگە 12 مىڭ 877 يۈەن نەق پۇل، 94 مىڭ 992 يۈەن قىممىتىدە ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلدى ھەمدە ”مائارىپنى قوللىغانلىق—ئەۋلادلارنى ئويلىغانلىق“ دەپ قاراپ، مائارىپقا 6580 يۈەن نەق پۇل، 5651 يۈەن قىممىتىدە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، دىنىي زاتلار يەنە 1418 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا يول، 21 كۆۋرۈك ياسىدى، 523 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېرىق چاپتى. 95 مېيىتنىڭ نامىزىنى خالىس چۈشۈرۈپ بەردى. توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلارنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشتىمۇ باشلامچى بولدى.

(كېرەم روزى)

○ **قاراشەھەر ناھىيىسىدىكى** دىنىي زاتلار مائارىپقا 19 مىڭ 254 يۈەن، نامراتلارغا 12 مىڭ 880 يۈەن، پاكىز ناھىيە بازىرى بەرپا قىلىشقا 14 مىڭ 860 يۈەن، مېيىپلارغا، ساناتورىيىگە 1027 يۈەن ئىئانە قىلدى. ئىگە-چاقىسىز ۋاپات بولغانلارنى ئۇزىتىشقا 1000 يۈەن سەرپ قىلدى. شىڭشىن بازىرىدىكى ئاپەت رايونلىرىغا 1450 يۈەن پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ناھىيە ۋە يېزىلاردىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى دىنىي زاتلارنىڭ باشلامچىلىقىدا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېقىندىن 27 مىڭ 570 تۈپ كۆچەت تىكتى، 1272 تەشتەك گۈل ئۆستۈردى، 63 گۈللۈك ياساپ مەسچىت ئىچى ۋە سىرتىنى گۈزەللەشتۈردى. سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئارقىلىق 21 ”بەشتە ياخشى“ مەسچىت، 31 ”بەشتە ياخشى“ دىنىي زات باھالاپ چىقىلدى.

(ئوسمان تۇرسۇن)

○ **مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ** ئالاغىر يېزىسىدىكى 70 تىن ئارتۇق ئىمام، خاتىپ، مەزىنلەر ئۆتكەن يىلنىڭ بېشىدىن ھازىرغىچە يېزا تەۋەسىدىكى 130 نامرات ئائىلە، يېتىم-يېسىر ۋە تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە 12 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل، 5800 كىلوگرام ئاشلىق، 90 كىلوگرامدىن ئارتۇق ياغ، 80 كىلوگرامدىن ئارتۇق گۆش، 20 تونندىن ئارتۇق ئوتۇن-كۆمۈر، 250 قۇر ھەر خىل قىشلىق كىيىم-كېچەك ياردەم قىلدى، دىنىي زاتلارنىڭ بۇنداق ئېسىل روھى كەڭ جامائەتنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى.

(ئوسمانجان بارات)

○ **ئاۋات ناھىيە** ئايباغ يېزا دولان كەنتىدە تۇرۇشلۇق ئابدۇراخمان داموللا ھاجى قاتارلىق بەش دىنىي زات ئۆز كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قىيىنچىلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىدا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن 1500 يۈەن قىممىتىدە ئوتۇن-كۆمۈر، ئوقۇش ماتېرىيالى، كىيىم-كېچەك سېتىۋېلىپ، ئۇنى مەكتەپ رەھبەرلىكىگە تاپشۇرۇپ بەردى. مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار بۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى.

(ئەلقەم ھۇسەن)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

**ئاۋات ناھىيە** بەشئېرىق يېزىسىدىكى 500 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادقا ئىگە مامۇت سامۇش، 1983 ـ يىلدىن بۇيان تېرىقچىلىقتىن كىرىم قىلغاندىن باشقا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1994 ـ يىلغىچە ئومۇمىي كىرىمنى 350 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىمنى 100 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. ھازىر ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئوتتۇرا تىپتىكى ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، چۆپ كېسىش زاۋۇتى، توخۇ فېرمىسى، بورداقچىلىق بازىسى بار بولۇپ، يىللىق ساپ كىرىمى 100 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ، دۆلەتكە ھەر يىلى 5000 يۈەن ئەتراپىدا باج ۋە رەسمىيەت پۇلى تاپشۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھازىر خىشتىن سالغان 15 ئېغىز ئۆيى، بىر موتسىكلىت، رەڭلىك تېلېۋىزور، 200 توخۇ، سەككىز كالا، بىر تراكتور قاتارلىق بىساتى بار. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ئۇ كەنتتىكى نامرات ئائىلىلەرگە 5000 يۈەن قىممىتىدىكى بىر توننا بۇغداي ئۇنى، 50 مېتىر رەخت، 25 يۈرۈش قىشلىق كىيىم قاتارلىقلارنى ياردەم قىلدى، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ 4200 كىلوگرام بۇغدىيىنى ھەقسىز تارتىپ بەردى، سەككىز توننا ئۇننى ئۆتنىگە بەردى.

**(تۇرسۇن ھېقىل، ھەسەن ئوسمان)**

⬡ **مورى ناھىيە** بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق ئابدۇسالام قۇربان ھاجى ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، ناھىيە بويىچە ئالدىن بېيىغان ياش تىجارەتچى بولۇپ قالدى. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ھالال كەسىپ قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، 1986 ـ يىلى 6 مىڭ يۈەن دەسمايە بىلەن ناھىيە بازىرىدا مىللىي بۇيۇملار سودا دۇكىنى ئاچقانىدى. سودا كەسپى ئاللانىڭ نەزەرى چۈشكەن كەسىپ، **"ئاللا سودىـسېتىقنى ھالال قىلدى"** (2 ـ سۈرە «بەقەرە» ، 265 ـ ئايەت) . ئابدۇسالام ھالال كەسىپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھالال پۇل تېپىشنى نىيەت قىلىپ، سودىدا ئەلا مۇلازىمەت قىلىش، خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىش، خېرىدارلارغا ئادىل، مۇلايىم مۇئامىلە قىلىش، ئۆلچەمنى توغرا، تولۇق بېرىش، باھادا ئېتىبار بېرىش، ساختا مال ساتماسلىق، يالغان سۆزلەپ ئالدىماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، كەڭ خېرىدارلارنىڭ دىلىنى مايىل، ئۆزلىرىنى قايىل قىلدى. ئۇچۇرغا ئېتىبار بېرىپ، ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەرگە ئېلىپ مىللىيلارنىڭ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئېھتىياجلىق ماللىرىنى يۆتكەپ ئەكىلىپ، خەلقنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى تەمىنلەشكە تېگىشلىك ھەسسە قوشتى. ئاممىنى رازى قىلغاچ ئاللا نېسىۋە قىلغان دارامىتى كۆنسېرى ئاشتى.

ھازىر يەككە تىجارەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغان ئابدۇسالامنىڭ "ئۇچتە ياخشى دۇكان"، "ساختا ماللاردىن خالىي دۇكان" دېگەن گۇۋاھنامىلارغا ئېرىشكەن دۇكىنىدا يۈز مىڭ سوم قىممىتىدە ھەر خىل مېلى بار. بانكىدا 50 مىڭ سوم پۇلى بار. ئۇ دۇكان ئاچقان 12 يىلدىن بۇيان، دۆلەتكە 27 مىڭ 248 سوم باج تاپشۇردى. باشقا رەسمىيەتلەر ئۈچۈن 57 مىڭ 600 سوم پۇل تاپشۇردى. ئابدۇسالام بېيىغاندا پېقىرـمىسكىن، يېتىمـيېسىرلارنى ئۇنتۇپ قالماي، خەيرـساخاۋەت قىلىپ تۇردى. ئۇ ھازىرغىچە مەكتەپلەرگە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، 3280 سوم، مەسچىتلەرگە بەش مىڭ سوم، قېرى، ئاجىز، يېتىمـيېسىرلارغا 6340 سوم قىممىتىدە نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى. **"ماللىرىنى كېچەـكۈندۈز يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا خەيرـئېھسان قىلىدىغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ. ئۇلارغا ئاخىرەتتە قورقۇنچ ۋە غەمـقايغۇ بولمايدۇ"** (2 ـ سۈرە «بەقەرە» ، 274 ـ ئايەت) . ئاللاتائالا ئابدۇسالامغا بۇ دۇنيادا كەڭ رىزىق، ئۇ دۇنيادا كۆپ ساۋاب ئاتا قىلغاي، ئامىن!

**(ياقۇپ ھەمدۇللا)**

⬡ **كەلپىن ناھىيە** ئاچال يېزا ئىتتىپاق كەنت 2 ـ مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى، كەلپىن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، كەلپىن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، بۇ يىل

80 ياشقا كىرگەن مۆتىۋەر تەۋەككۇل ھاجى بالدۇر بېيىغان ساخاۋەتلىك دىنىي زات. ئۇ ئۆتكەن يىلدىلا تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىكتىن ۋە باشقا ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق قاتارلىق قوشۇمچە ئىگىلىكتىن جەمئىي 70 مىڭ 365 يۈەن كىرىم قىلدى. ئۇ ھالال ئەمگىكى بىلەن بېيىغاندا يۇرتداشلىرىنى ئۇنتۇپ قالماي، 23 نامرات ئائىلىنىڭ قىشلىق لازىمەتلىكى ئۈچۈن 4750 يۈەن نەق پۇل، 75 مېتىر رەخت، 33 قۇر كونا-يېڭى كىيىم-كېچەك، 7800 كىلوگرام بۇغداي، 260 كىلوگرام مايلىق دان، ئۈچ تراكتور ئوتۇن، يەتتە باش ئۇششاق چارۋا ياردەم قىلغاندىن باشقا، ئۆزى ئىماملىق قىلىپ تۇرغان ئىتتىپاق كەنت، 2-مەھەللە مەسچىتىنى يېڭىلاپ سېلىش ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن 3350 يۈەن نەق پۇل بەردى. ئۇ ئۆز كەنتىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار، سۇيى قىس بولۇشتەك قىيىنچىلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، 2000 يۈەن پۇل خەجلەپ ئۈچ ئورۇنغا قۇدۇق كولاپ، دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ۋە چارۋا ماللارنىڭ سۇ ئىچىشتىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلدى. ئۇ يەنە بىر داشقازان، 40 چۆگۈن سېتىۋېلىپ، جۈمە نامىزىغا كەلگەن جامائەتكە تاھارەت سۈيى ئىسسىتىپ بېرىپ، ئېتىقادچى ئاممىنىڭ بىردەك ماختىشىغا ئېرىشتى.

(سەمەت دالى)

بۈگۈر ناھىيە چۆمپاق يېزا ئۇچۇقا كەنتى جامەسىنىڭ خاتىپى، ئىمامبولاش مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ھېبىبۇللا قارىي ھاجى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بازارغا يۈزلىنىپ، ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىپ، يىراق-يېقىندا داڭقى بار دىنىي زات بولۇپ قالدى. ئۆتكەن يىل ئۇنىڭ كېۋەزلىكىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 120 كىلوگرامدىن يۇقىرى بولۇپ، 9 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پايدا ياراتتى. ئىلمىي ئۇسۇلدا پەرۋىش قىلىنغانلىقتىن ئىككى مو مېۋىلىك بېغى، ئۈچ باراڭ ئۈزۈمىدىنلا 4000 يۈەن كىرىم قىلدى. ئۇ 1997-يىلى 8-ئايدا، قوغۇن-تاۋۇز قاتارلىق مېۋە-چېۋىلىرىنى شەندۈڭ ئۆلكىسىنىڭ مەلۇم بىر يېرىگە ئاپىرىپ ناھايىتى ياخشى بازار تاپتى، قايتىپ كېلىپلا يەنە بىر تۈركۈم نەشپۈت ئالاقىلىشىپ شەندۈڭغا ئىككى قېتىم ئاپىرىپ سېتىپ كەلدى. 1998-يىلى ئۇ ئۆزى تېرىغان بەش مو قوغۇننى شەندۈڭ، بېيجىڭ قاتارلىق جايلارغ ئېلىپ بېرىپ، تاماق، ياتاق، تىل ئۇقۇشۇش جەھەتلەردىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، 16 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ئالدى، ئارقىدىنلا ئۇ سوخۇ يېزىسىدىن 20 مىڭ يۈەنلىك قوغۇن سېتىۋېلىپ، شەندۈڭغا ئاپىرىپ 38 مىڭ يۈەنگە سېتىپ 13 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ئالدى. بىر يىل داۋامىدا ئۇ ئۆزىنىڭ ھويلا ئارام ئىگىلىكى، ئاشلىق، پاختا تېرىقچىلىقى ۋە سىرتقى سودا ئىشلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 40 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. ھازىر ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى مۇقىم مۈلكى 100 مىڭ يۈەنگە يېقىنلاشتى. سىرتقا چىقىپ ئىككى يىل سودا قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى، يۇرتداشلىرىغىمۇ ئۆزىنىڭ تەجرىبە-تەسراتلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنى بازارغا يۈزلىنىشكە رىغبەتلەندۈردى.

ھېبىبۇللا قارىي ھاجى بېيىغاندا يۇرتداشلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان 100كىلوگرام ئاشلىق، 200 يۈەن نەق پۇل چىقىرىپ ئۈچ نامرات ئائىلىگە ياردەم قىلدى، كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە 500 يۈەن ئىئانە قىلدى.

(تۇيغۇن ئابدۇرەھىم)

## مۇھىم تۈزىتىش

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999-يىللىق 1-سانىدىكى «ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئۆلىما—ئەپەندى مەخسۇم» دېگەن ماقالىدىكى يەنى 46-بەت 1-ستون 14-قۇردىكى ”…شەرق مۇسۇلمانلىرىغا تونۇشلۇق بولغان داڭلىق ئۆلىما باھاۋۇدۇن مەخسۇمدۇر. ئۇ قەشقەرنىڭ موللاخۇن قازى كالاندىن كېيىنكى شەيخۇلئىسلامى، …“ دېگەن بىر ئابزاس جۈملىنى ”شەرق مۇسۇلمانلىرىغا تونۇشلۇق بولغان داڭلىق ئۆلىما مىرزا ئەھمەد مەخسۇمدۇر. ئۇ قەشقەرنىڭ باھاۋۇدۇن مەخسۇمدىن كېيىنكى شەيخۇلئىسلامى،…“ دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشقۇچىلارنى سورايمىز.

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى.

# 1999-يىللىق جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى جۇڭگو ھاجىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇرەھىم ئىمىن ئۆمەك باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھاپىز نىياز، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى روزى ئىبراھىملار مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى مۇستافا ياڭ جىبو باش كاتىپ بولۇپ تەشكىللەنگەن جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى 2-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 4-ئاينىڭ 8-كۈنىگەقەدەر سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تۇرۇپ، جۇڭگودىن بارغان ھاجىلارنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىشىغا مۇلازىمەت خىزمىتىدە بولدى.

بۇ يىل جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەملىكىتىمىزنىڭ 24 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن 11 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 2000دىن ئارتۇق مۇسۇلمانىنى ھەج تاۋاپقا ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شىزاڭدىن يەتتە نەپەر زاڭزۇ مۇسۇلمان بار. شۇنداقلا، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جىڭخەي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خەن شىڭگۈي باشچىلىقىدىكى ئون كىشىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج ئۆمىكىمۇ بۇ يىلقى ھەج تاۋاپقا ئۇيۇشتۇرۇلدى.

سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋازارىتى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى گېزىت-ژۇرناللىرىنىڭ ئېلان قىلىشىچە، بۇ يىل دۇنيا بويىچە مۇقەددەس زېمىنغا كېلىپ ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ سانى 1 مىليون 704 مىڭ 852 كىشى بولۇپ، بۇلاردىن چەت ئەلدىن كەلگەن ھاجىلار 1 مىليون 56 مىڭ 730 ئەتراپىدا، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئۆزىدىن ھەج قىلغۇچىلار 648 مىڭ 122 بولغان.

جۇڭگو ھاجىلىرى 3-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 12-كۈنىگىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھۆددىگە ئالغان سەككىز ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچى ئارقىلىق يولغا چىقىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ساق-سالامەت يېتىپ باردى.

جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى دۆلىتىمىزنىڭ بۇ يىلقى ھەج تاۋاپ ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بارغاندىن كېيىن جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ھاجىلار خىزمىتىدە بولدى. ھاجىلارنىڭ ھەج پەرزىنى ئوڭۇشلۇق، خاتىرجەم ئادا قىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا ياتاق-تاماق، كۈتۈۋېلىش-ئۇزىتىش شۇنىڭدەك كۈندە دېگەندەك ئۇچراپ تۇرىدىغان قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش خىزمەتلىرىنى ئۆتەش بىلەن ھاجىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ بۇ يىل سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرى جۇڭگو ھاجىلىرىغا مىنا رايونىدا تەقسىم قىلىپ بەرگەن چېدىر ئورنى شەيتانغا تاش ئاتىدىغان جايغا يېقىن بولغانلىقتىن ھاجىلارنىڭ ھەج پەرزىنى قولايلىق ئادا قىلىشىغا تېخىمۇ ياخشى شارائىت ھازىرلاندى.

بۇ قېتىمقى ھەج مەزگىلىدە، جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى ھاجىلارغا خىزمەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆمەك باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى ئۇيۇشتۇرغان كەئبە بەيتۇللانى غەسل قىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش، قوش ھەرەم شېرىپ خادىمى، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى فەھد ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ پادىشاھ مۇراسىمى ۋە پادىشاھ زىياپىتىگە داخىل بولۇش، جۇڭگونىڭ جىددە

شەھىرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئەلى لى جىنرېننىڭ ھەمراھلىقىدا، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھەج ۋەزىرى مەھمۇد بىننى مۇھەممەد سەفەرنى زىيارەت قىلىش، ھەج ۋازارىتىنىڭ مۇھاكىمە يىغىنى ۋە زىياپىتىگە قاتنىششتەك بىر يۈرۈش مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە گېزىت-ژۇرنال مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا ۋە ھەج تاۋاپ خىزمىتىگە دائىر سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى ھەم ئۇلارغا مەملىكىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى تونۇشتۇردى.

4-ئاينىڭ 6-كۈنى ئۆمەك باشلىقى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقلىرى ھاپىز نىياز، روزى ئىبراھىم، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئادىل ھاجى كېرىم قاتارلىقلار باش كونسۇل ئەلى لى جىنرېننىڭ ھەمراھلىقىدا سەئۇدى ئەرەبىستانى مەككە مۇكەررەمەنىڭ ئەمىرى شاھزادا ماجىد ئىبنى ئابدۇلئەزىزنى ئۇنىڭ جىددە شەھىرىدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىدا زىيارەت قىلدى، ئۆمەك باشلىقى ئالدى بىلەن شاھزادە ماجىدقا سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىق ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو ھاجىلىرىنىڭ ھەر يىلى ھەج پەرزىنى ئادا قىلىۋېلىشىغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىۋاتقانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن تەشەككۈر ئېيتتى. شاھزادە ماجىد جۇڭگو ھاجىلىرىنىڭ ھەج پائالىيەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئادا قىلىۋالغانلىقىدىن خۇرسەن بولدى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا ئۆزىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۈمىد قىلدى.

خىزمەت ئۆمىكى يەنە دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى، ”ئىقرا“ خەيرىيەت جەمئىيىتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى زىيارەت قىلدى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ كونا دوستلىرىنى يوقلىدى. سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارنى مەملىكىتىمىزنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىدىن خەۋەردار قىلدى.

(ئادىلجان)

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيتلىق زىياپەت بەردى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: بۇ يىلقى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بېيجىڭدا زىياپەت بېرىپ، ئەرەب-مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرى، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مەملىكىتىمىزدە خىزمەت قىلىۋاتقان مۇسۇلمان مۇتەخەسسىسلىرى، بېيجىڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى مۇسۇلمان دوستلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، زىياپەتكە 300 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بەي لىچېڭ(خۇيزۇ) ھەمدە مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە بېيجىڭدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بۈگۈنكى زىياپەتكە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى بايرىمىنى بىللە ئۆتكۈزدى.

# قاغىلىق ناھىيىسىدە دىنىي ۋەزىپىدىكى ياشلار تەربىيىلەندى

ھۆكۈمەتنىڭ مىللەتلەر-دىن سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ياش دىنىي زاتلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1998-يىل 11-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن بۇ يىل 3-ئاينىڭ 5-كۈنىگىچە كۇرس ئېچىپ، ناھىيىگە قاراشلىق ھەرقايسى يېزا-بازار، مەيدانلاردىكى مەسچىتلەردە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن مۇناسىپ ھالدا دىنىي ۋەزىپىگە قويۇلىدىغان 75 نەپەر ياشنى ئوقۇتتى. ئۈچ يېرىم ئاي داۋاملاشقان بۇ قىممەتلىك كۇرستا ئىسلام دىنىغا دائىر بىلىملەردىن سىستېمىلىق دەرس ئۆتۈلگەندىن سىرت، ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك سىياسەت-بەلگىلىمىلىرى، قانۇن-نىزاملىرى، دىنىي زاتلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى قاتارلىق بىلىملەردىن دەرس ئۆتۈلدى ھەمدە كۇرس ئاخىرىدا ئىمتىھان ئېلىپ، نەتىجىسى ياخشى بولغان 69 نەپەر كىشىگە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. ئۆگىنىش جەريانىدا "تۆتتە ئەلا" بولۇپ باھالانغان ئالتە نەپەر كۇرسانت ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلاندى. (سىدىق تۇردى، ئىگەمبەردى چاۋار)

# جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى

## قۇربان ھېيتلىق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن بېرى، ھەر يىلى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، بېيجىڭدا ئىشلەۋاتقان شىنجاڭلىق ھەر مىللەت مۇسۇلمان كادىرلارغا ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملارغا داغدۇغىلىق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ پائالىيەتنى ئالدىنقى يىلى مەركىزىي مىللەتلەر تەرجىمە ئىدارىسىغا، ئۆتكەن يىل مىللەتلەر نەشرىياتىغا ھاۋالە قىلىپ ئۇيۇشتۇرغانىدى. بۇ يىل مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ھاۋالە قىلىپ ئۇيۇشتۇردى. پائالىيەتكە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن زاكىر، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىگە ۋاكالىتەن ئۇنىڭ رەپىقىسى ئايىم ئەزىز، مەركەز ۋە بېيجىڭ شەھىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق دائىمىي كېڭەش ئەزالىرى قاتنىشىپ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى—قۇربان ھېيتنى بىللە تەبرىكلەشتى. پائالىيەتكە بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى ئۇيۇشتۇرۇشقا مەسئۇل بولغان مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جۇماخۇن نىياز رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرى خا جىڭشۇن (خۇيزۇ)، پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ يەن قاتارلىقلار باشتىن-ئاخىر قىزغىن قاتنىشىپ بەردى. جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، خەلقئارا ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى تەۋەككۇل تىلىۋالدى جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ، قۇربان ھېيت بايرىمىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. پائالىيەت جەريانىدا، مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا فاكۇلتېتلىرى، مەركىزىي ناخشا-ئۇسسۇل مۇزىكا ئىنستىتۇتى قاتارلىق كەسپىي ئورۇنلاردىكى كەسپىي سەنئەتچىلەر قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى. تۆت سائەت داۋاملاشقان بۇ پائالىيەت باشتىن-ئاخىر خۇشال-خۇراملىق ۋە كۆڭۈللۈك كەيپىياتتا ئۆتتى.

# 9-نۆۋەتلىك تۈركىي تىللار ئىلمىي تەتقىقات يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتى 4-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە بېيجىڭدا 9-نۆۋەتلىك تۈركىي تىللار ئىلمىي تەتقىقات يىغىنى ئاچتى، شىنجاڭ، گەنسۇ، خېنەن ۋە بېيجىڭدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل، مانجۇ، چاۋشيەن، يۇغۇر قاتارلىق سەككىز مىللەتتىن تەركىب تاپقان 60تىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس-ئالىملار يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات يۇرتى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو مىللەتلەر تەرجىمە مەركىزى، مىللەتلەر نەشرىياتى، جۇڭگو خەلقئارا تېچلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، جۇڭگو مىللىي تىللار ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ياكى يېپىلىش مۇراسىمىغا ئىشتىراك قىلدى ۋە يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىدى. يىغىندا 42 نەپەر ئىلمىي خادىم ماقالە ئوقۇپ ئۆتتى. يىغىن ئەھلى: بۇ نۆۋەتلىك يىغىن ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، بۇ يىغىن ئىتتىپاقلىق، دېموكراتىك مۇھاكىمە يىغىنى، شۇنداقلا ناھايىتى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي تەتقىقات يىغىنى بولدى، يىغىن ئىستىلى، ئىلمىي تەتقىقات ئىستىلى ناھايىتى توغرا بولغان يىغىن بولدى، دېيىشتى.

يىغىن جەريانىدا، جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ بېيجىڭدىكى دائىمىي كېڭەش ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلىپ، جەمئىيەت نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، جەمئىيەتنىڭ يېڭى رەھبەرلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەپسىلىي كېڭەش ئېلىپ باردى. يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى ماقۇللاندى، جەمئىيەتنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك كېڭەش ئەزاسى، دائىمىي كېڭەش ئەزاسى، رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ، مۇئاۋىن باش كاتىپلارنىڭ ئىسىملىكى ئېلان قىلىندى ۋە ماقۇللاندى. خەمىت تۆمۈر رەئىسلىككە، تيەن شىباۋ، ئامىنە غاپپار، ئابلىز ياقۇپ، نۇر بېك(قازاق)، خۇ جېنخۇا (خۇيزۇ)، چېن زۇڭجېن (دائىمىي مۇئاۋىن رەئىس)، گېڭ شىمىن، ئەلى زايىت، تاھىرجان، لى شياڭرۇي، تۇرسۇن ئايۇپلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە، جاۋ مىڭخۇڭ باش كاتىپلىققا، مەكەلەك (قىرغىز)، ھاشىم تۇردى، لېتىپ توختى، نيۇ رۇجى، ۋۇ خۇڭۋېي، ئابدەخمەت (قازاق) لەر مۇئاۋىن باش كاتىپلىققا سايلاندى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تىل-يېزىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، يېڭىدىن سايلانغان مۇئاۋىن رەئىس ئەلى زايىت بۇ نۆۋەتلىك كېڭەش ھەيئىتىگە ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيدىغانلىقىنى، كېلەر نۆۋەتلىك ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىنى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن شەمشىدىن ھاجى بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئېچىلىش ۋە يېپىلىش مۇراسىملىرىغا ئىشتىراك قىلدى ۋە جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي كېڭەش ئەزالىقىغا سايلاندى، ئادىل ھاجى كېرىم، ئەنۋەر مۇھەممەتلەر جەمئىيەت ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى.

# بېگتۇەننىڭ دىنىي ئىشلار خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمەكتە

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: بېگتۇەن مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى 1998-يىلى دىنىي زاتلارغا 80 مىڭ يۈەن قىيىنچىلىق ياردەم پۇلى ۋە مەسچىت-ئىبادەتخانىلارغا 60 مىڭ يۈەن رېمونت پۇلى تارقىتىپ بەردى، شۇنداقلا دىنىي زاتلارغا 520 پارچە ئىسلام دىنى كالېندارى تەقدىم قىلدى ۋە 100 سان «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇپ تارقىتىپ بەردى، بۇ ئارقىلىق پارتىيىنىڭ دىنىي زاتلارغا بولغان غەمخورلۇقىنى نامايان قىلدى. ئۇلار يەنە "قوش بەشتە ياخشى" لارنى تەقدىرلەش پائالىيىتىنى كەڭ دائىرىدە

قانات يايدۇردى. بىڭتۇەن بويىچە تۇنجى قېتىملىق "قوش بەشتە ياخشى"لارنى تەقدىرلەش ئېلىپ بېرىپ، 39 "بەشتە ياخشى دىنىي سورۇن"، 40 نەپەر "بەشتە ياخشى دىنىي زات"نى تەقدىرلەپ مۇكاپاتلىدى. شۇنداقلا، ئۇلاردىن ئىككى "بەشتە ياخشى دىنىي سورۇن" ۋە تۆت نەپەر "بەشتە ياخشى دىنىي زات" ئاپتونوم رايوندىن تەقدىرلەندى. يېزا ئىگىلىك 1-دىۋىزىيە، 3-دىۋىزىيە، 8-دىۋىزىيە، ئۇرۇمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى، قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق دىۋىزىيە، ئىدارىلەرمۇ "قوش بەشتە ياخشى"لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، 40 "بەشتە ياخشى دىنىي سورۇن"، 47 نەپەر "بەشتە ياخشى دىنىي زات"نى تەقدىرلىدى.

## بىڭتۇەن 53-تۇەندە بىر قىسىم مۇسۇلمان ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى

شــــنجـاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە 53-تۇەن رەھبەرلىكى 1999-يىل 2-ئاينىڭ 10-كۈنى مەخسۇس خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا بېرىپ، ئۆز تەۋەسىدىكى تۇرمۇشتا ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار مۇسۇلمانلاردىن 156 ئائىلىگە 11 مىڭ 700 كىلوگرام ئۇن، 1560 كىلوگرام ياغ، 15 مىڭ 600 يۈەن نەق پۇل بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئىللىقلىقىنى يەتكۈزدى. مەزكۇر رەھبەرلىك يەنە قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن تۇەن دىنىي ئىشلار بىرلىك سەپ بۆلۈمىدىكى يولداشلارنى ئاساس قىلىپ، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدىكى "بەشتە كاپالەتلەنگۈچى" 48 مۇسۇلمان ئائىلىدىن 10 مىڭ 36 يۈەن نەق پۇل بىلەن ھال سوراپ، پارتىيىنىڭ ئىللىقلىقىنى يەنە بىر قېتىم يەتكۈزدى.

(ھەسەنجان قارىي)

## ئونسۇ ناھىيىسىدە "بەشتە ياخشى" مەسچىت ۋە دىنىي زاتلار تەقدىرلەندى

ئونسۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 3-ئاينىڭ 22-كۈنى ئونسۇ ناھىيىلىك دىنىي ساھە بويىچە 4-قېتىملىق "قوش بەشتە ياخشى"لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، بازارلىق سېدە مەسچىت قاتارلىق 33 "بەشتە ياخشى" مەسچىت، ئالىمقارىي ھاجىم قاتارلىق 38 نەپەر "بەشتە ياخشى" دىنىي زات، ئونسۇ بازىرى، ئىشلەمچى يېزىسى، تۇمشۇق يېزىسى، قىزىل يېزىسى، شالچىلىق مەيدانى قاتارلىق بەش ئىلغار كوللېكتىپ، تۇنىياز تۇردى، مۇھەممەت مامۇت، تۇنىياز نۇر، تۇرغۇن دايىم، ئابدۇشۈكۈر قاتارلىق بەش ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

(ئەسقەر قۇسىين)

## دىنىي پائالىيەت سورۇنى ئىللىقلىق يەتكۈزدى

قارامامي قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنى 1996-يىلدىن بۇيان، دىنىي زاتلار ۋە كەڭ جامائەتنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئارقىلىق، مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقىغا ئۆز ۋاقتىدا سەممىي ياردەم بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكتىن، رەھبەرلىك ۋە ھەر مىللەت خەلقنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

نېفىتلىك قۇرۇلۇش شىمالىي مەھەللىسىدىن ئىككى بالا 1997-يىلى 9-ئايدا شىنجاڭ شەھەر قۇرۇلۇش مەكتىپى بىلەن شىنجاڭ ماشىنىسازلىق-ئېلېكتر مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغانىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئائىلىسى بەكمۇ قىيىنچىلىقتا بولۇپ، بۇ بالىلارنى ئوقۇتۇشقا زادى قۇربى يەتمەيتتى. دىنىي پائالىيەت سورۇنىدىكى دىنىي زاتلار بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ سورۇننىڭ ئىمامى مۇھەممەت ئېلى قارىي ھاجى بىلەن باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى باش قوشۇش ئارقىلىق، بۇ ئىككى بالىنىڭ ئوقۇشقا كېرەكلىك ئىقتىسادىنى ئۈستىگە ئالدى ۋە 3450 يۈەن پۇلنى بۇ ئىككى بالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى ئالىي بىلىم يۇرتىغا يولغا سالدى. ئۇلار يەنە بۇ يىل 10-ئاينىڭ 21-كۈنى بۇ ئىككى ئوقۇغۇچىنى يوقلاشقا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ بۇ يىللىق ئوقۇشقا كېرەكلىك 1900 يۈەن پۇلنى پەكەتەپ رەھبەرلىككە تاپشۇردى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئوقۇش ۋە ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. مەزكۇر سورۇن بىرقانچە يىلدىن بۇيان

يېتىم-يېسىر، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار مېيىپلارنى 25 قېتىم يوقلاپ، ئۇلارغا 5000 يۈەن ياردەم بەردى. 4000 يۈەن ئاجرىتىپ سۇ قۇرۇلۇشىدا ئىشلەۋاتقان ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى. بۇ يىل يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن 1000 يۈەن ئاجرىتىپ، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ۋە ج خ كادىر-ساقچىلىرى ھەمدە قوراللىق ساقچى ئەترىتىدىن ھال سورىدى. روزا ھېيت ھارپىسىدا 4100 يۈەن ئاجرىتىپ، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار 19 ئائىلىنى يوقلاپ، ئۇلارنىڭ ھېيتنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈشىگە شارائىت يارىتىپ بەردى. مەزكۇر سورۇن مۇشۇنداق نەتىجىلىرى بىلەن 1990-يىلدىن بۇيان شەھەرلىك بەشتە ياخشى دىنىي پائالىيەت سورۇنى بولۇپ باھالىنىپ كەلدى ۋە يېقىندا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك بەشتە ياخشى دىنىي پائالىيەت سورۇنى بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى. (غېنى تۇرغۇن)

## ئوسمان ھاجىنىڭ يىللىق ساپ كىرىمى 100 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى

مارالبېشى ناھىيە ئالاغىر يېزا 16-كەنت 3-مەھەللىدە تۇرۇشلۇق دىنىي زات ئوسمان ھاجى بۇلتۇر دېھقانچىلىقتىن 50 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقتىن 45 مىڭ يۈەن، باغۋەنچىلىكتىن 20 مىڭ يۈەن ساپ كىرىم قىلىپ، يىللىق كىرىمىنى 115 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى، ئۇنىڭ كىرىمى كىشى بېشىغا 14 مىڭ 375 يۈەندىن توغرا كەلدى. (ئوسمانجان بارات، ئارزۇگۈل رىشت)

## ئالاغىر يېزىسىدا توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئاددىي ئۆتكۈزۈلدى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ يېزىدىكى دېھقان-چارۋىچىلار ئارىسىدا ئۆز ھالىغا باقماي ھەشەمەتچىلىك قىلىش شاملى ئەۋج ئېلىپ كەتكەنىدى. بۇ ئەھۋالغا قارىتا يېزىلىق ھۆكۈمەت بۇلتۇر يىل بېشىدا يېزا بازىرىدا توققۇز كىشىدىن، ھەرقايسى كەنتلەردە ئۈچتىن يەتتىگىچە كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇپ، كەنت-مەھەللىلەر بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ھەشەمەتچىلىك قىلىشنىڭ چوڭ زىيىنىنى سۆزلەش بىلەن، ئۆلۈم-يېتىمنى ئاددىي ئۆتكۈزۈش تەربىيىسىنى ئېلىپ باردى. رەھبىرىي كادىرلار، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە دىنىي زاتلار بۇ ئىشتا باشقىلارغا ئۈلگە بولدى. نەتىجىدە، بۇلتۇر يىل بېشىدىن بۇ يىلغىچە يېزا بويىچە 11 كىشىنىڭ نەزىرى، 23 جۈپ قىز-يىگىتنىڭ توي مەرىكىسى ئاددىي ئۆتكۈزۈلدى، بۇنىڭدىن تېجەپ قىلىنغان 55 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل شەنبەبازار ئۆستىڭى ۋە ئاقساقمارال ئۆستەڭلىرىگە كۆۋرۈك سېلىش، ئاققوناقلىق مەكتەپنىڭ 100 مېتىر قورۇ تېمىنى يېڭىلاش ئىشلىرىغا سەرپ قىلىندى.
(ئوسمانجان بارات، ئارزۇگۈل رىشت)

## ◁ 114 ياشلىق ئۆمۈر چولپىنى ھاشىم بوۋاي ▷

غۇلجا ناھىيە ئونيار يېزا ئونيار كەنتى 3-ئاھاللەر گۇرۇپپىسىدىكى ھاشىم مەنسۇر بۇ يىل 114 ياشقا كىرىپ، ئىلى ۋىلايىتى بويىچە يېشى ئەڭ چوڭ ئۆمۈر چولپىنى بولۇپ قالدى. ھاشىم مەنسۇر ئۆمرىدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەن ۋە 20 پەرزەنت كۆرگەن. ھازىر ئۇنىڭ 81 نەۋرىسى، 39 ئەۋرىسى بار. ھاشىم بوۋا ئۆمرىدە تاماكا چەكمىگەن، ھاراق ئىچمىگەن، سودا-سېتىق ۋە چارۋا مال بېقىش ئىشلىرى بىلەن كۆپ شۇغۇللانغان. پىيادە يول يۈرۈشنى، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئاددىي چېنىقىشنى، كۈندە 5 ۋاخ ناماز ئوقۇشنى ۋە يېنىك جىسمانىي ئەمگەك قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. ھازىر ئۇنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى، ئاڭلاش سېزىمى، يول يۈرۈشى، تاماق يېيىشى، ئەستە ساقلىشى نورمال بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئۆزى ئاسانلا چىقالايدۇ. ھاشىم بوۋاينىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇ ھازىرغىچە بىرەر كىشى بىلەن ئازارلىشىپ باقمىغان، قولۇم-قوشنىلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە كىشىلەر بىلەن ناھايىتى ئىناق-دوستانە ئۆتكەن. ھاشىم بوۋاي 1897-يىلى 12 ياش ۋاقتىدا ئۆز قولى بىلەن ئورەك كولاپ تىككەن 12 تۈپ سىدە دەرىخىنىڭ ھازىر يەتتە تۈپى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ تارىخى ئۇزاق دەرەخلەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 100 يىلدىن ئاشقان دەرەخلەر قامۇسىغا كىرگۈزۈلۈپ، دۆلەت تەرىپىدىن بىر تۇتاش قوغدىلىۋېتىپتۇ. بۇ پەرىشتە سۈپەت بوۋايغا ئاللاتائالا يەنىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلىپ، سالامەتلىكىنى زىيادە قىلغاي، ئامىن! (ئابدۇۋەلى ئەخمىدى)

# ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۈر

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، ژۇرنالدىن بەھرىمەن بولغان بىر قىسىم دىنىي قېرىنداشلار، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆز ئىختىيارى بىلەن خالىسانە ئىئانە ئەۋەتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ژۇرنالنى قىزغىن قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلەۋاتىدۇ. ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى ئۇلارغا مىڭ مەرتىۋە تەشەككۈر ئېيتىدۇ.

ئاللاتائالا ئۇلارغا ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

**ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىم شەرىپى:**

1. ئاقسۇ شەھىرىدىن: خالىس ئىئانىچى: 500 يۈەن
2. قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونىدىن: مەريەم تايىر 200 يۈەن
3. ئاقسۇ شەھىرىدىن: ئابدۇخالىق ئالىم 165 يۈەن
4. قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونىدىن: ھەبىبە مامۇت 135 يۈەن
5. ئاقتو ناھىيىسىدىن: تۇردىبەك ھاجى 100 يۈەن
6. ئاقتو ناھىيىسىدىن: ئالتۇنخان ھاجى 100 يۈەن
7. پوسكام ناھىيىسىدىن: خالىس ئىئانىچى 99 يۈەن
8. توقسۇ ناھىيىسىدىن: ياسىن ئەزىز 75 يۈەن
9. كېرىيە ناھىيىسىدىن: مەتنۇر 65 يۈەن
10. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت 60 يۈەن
11. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: ئەخمەتجان ياسىن 60 يۈەن
12. باي ناھىيىسىدىن: ئەلى نۇر 50 يۈەن
13. قۇمۇل شەھىرىدىن: ئابدۇراخمان قارىي 50 يۈەن
14. مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: قادىر ھېلىم ھاجى 50 يۈەن
15. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: مۇخپۇل سىيىت، ماھىنۇر قادىر 50 يۈەن
16. گۇما ناھىيە زۇڭگۇي يېزىسىدىن: دۆلەت ئابدۇكېرىم 35 يۈەن
17. گۇچۇڭ ناھىيىسىدىن: ئابدۇرىشىت سادىق 34 يۈەن
18. مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: قارىي ھاجى ھېلىم 30 يۈەن
19. ئاتۇش شەھىرى ئۈستۈنئاتۇش يېزىسىدىن: ئاينۇر ئابلىز 10 يۈەن
20. مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: ئېلى ھاجى قادىر 10 يۈەن
21. مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: مۇھەممەت ئاخۇن خەلپىتىم 10 يۈەن
22. مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: مۇھەممەت يولۋاس 10 يۈەن
23. مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: ئەخمەت ئايۇپ قارىي ھاجى 5 يۈەن
24. مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: ئابلىز يولۋاس 5 يۈەن
25. مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: مۇھەممەت قارىم 5 يۈەن
26. مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىن: ھۈسەيىن تۇرسۇن 5 يۈەن

ئىئانە قىلغۇچىلار ئىئانىنى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە بىۋاستە ئەۋەتىپ بەرسە بولىدۇ، ئىسلام جەمئىيەتلىرى ياكى ئىشەنچلىك شەخسلەر ئارقىلىق توپلاپ يوللاپ بەرسىمۇ بولىدۇ، ئىئانىنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتى ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىم-فامىلىسى ۋە ئىئانە قىلغان پۇلنىڭ سانى ژۇرنالدا ئاشكارا ئېلان قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىسمى چىققان ژۇرنال ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ تەپسىلىي ئادرېسىنى ۋە پوچتا نومۇرىنى ئېنىق يېزىپ ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى.



1999-يىللىق جۇڭگو ھەج خىزمەت ئۆمىكىنىڭ مەسئۇللىرى ئابدۇرەھىم ئىمىن، ھاپىز نىياز، روزى ئىبراھىملار بۇ يىلقى ھەج مەزگىلىدە جۇڭگونىڭ جىددە مۇبارەك شەھىرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئەلى لى جىنرىن بىلەن كونسۇلخانىدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.




خۇنەن ئۆلكىلىك ئىسلام دىنى 4-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 1999-يىل 5-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن 14-كۈنىگىچە چاڭشا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار ۋىلايەتتىن چاڭشاغا بېرىپ يىغىنغا ئىشتىراك قىلىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە سۆز قىلدى.



1999-يىل 4-ئاينىڭ 23-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇ جېنجۇڭ باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى بۇ ئۆمەكنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام دىنى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ھەم بۇ دىنىي زاتلار شەرىپىگە زىياپەت بەردى.

## خەنزۇچە «ۋەز-تەبلىغ توپلىمى» ۋە «سەھىھۇلبۇخارى»نىڭ 1-تومى نەشردىن چىقتى

جۇڭگو خاتىپلىرىنىڭ جۈمە ۋە ھېيت-ئايەم ۋاقتىدا ۋەز-تەبلىغ قىلىش ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نەشرگە تەييارلىغان خەنزۇچە «ۋەز-تەبلىغ توپلىمى» يېقىندا نەشردىن چىقتى. بۇ مەملىكىتىمىزدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نەشر قىلدۇرغان تۇنجى توپلام بولۇپ، بۇ توپلامغا 69 پارچە ۋەز-تەبلىغ ماقالىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەرھۇم رەئىسى سالىھ ئەنشۇۋېي ھاجى داموللامنىڭ «ۋەز-تەبلىغنى قانداق سۆزلەش كېرەك؟» دېگەن ماقالىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىننىڭ توپلامغا يازغان كىرىش سۆزى كىرگۈزۈلگەن. توپلامنىڭ ئاخىرىغا 11 مەسىلە ئاساسىدا، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ۋە ھەدىس شەرىپتىن تاللانما ئايەت ۋە ھەدىسلەر بېرىلگەن، ماقالىلەردە نەقىل ئېلىنغان ۋە توپلام ئاخىرىدىكى تاللانمىغا تاللانغان ئايەتلەرنىڭ ئەرەبچىسى ۋە «قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرە-ئايەت نومۇرى بېرىلگەن. توپلامنىڭ باھاسى 29 يۈەن.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋە «ئىقتىساد گېزىتى» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «سەھىھۇل بۇخارى» (تولۇق نۇسخىسى)نىڭ 1-تومى يېقىندا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ئىسلام دىنىدا «قۇرئان كەرىم»دىن قالسىلا مۇھىم ئاساس ھېسابلىنىدىغان توققۇز جىلدلىق ھەدىس شەرىپ توپلىمى «سەھىھۇل بۇخارى» خەنزۇچە تۆت توم قىلىپ نەشر قىلىنماقچى. بۇ قېتىم نەشر قىلىنغان 1-تومغا ئۇنىڭ 1-، 2-جىلدى (جەمئىي 2046 ھەدىس) كىرگۈزۈلگەن، قالغان يەتتە جىلد كېيىنكى 3 تومغا كىرگۈزۈلۈپ داۋاملىق نەشر قىلىنىدۇ. بۇ 1-تومنىڭ باھاسى 36 يۈەن.

يۇقىرىدىكى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان ئىككى كىتابنى سېتىۋالغۇچىلار تەھرىر بۆلۈمىمىز بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشسا بولىدۇ. پۇل ئەۋەتكەندە، تەپسىلىي ئادرېس ۋە بۇ پۇلنىڭ مەزكۇر كىتاب ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك.

**«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

### ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999-يىللىق شەرەپلىك مۇشتەرىلىرى

ئاقسۇ ئۇچتۇرپاندىن: بەختىيار قادىر
(ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى)
مەكىت ناھىيىسىدىن: پاتەم ھاجى
ئاتۇش شەھىرىدىن: ئەلانۇر خانىم
ئاقسۇ شەھىرىدىن: ئابدۇكېرىم مىجىت

ISSN 1007-5836
9 771007 583001 06>

《中国穆斯林》(维吾尔文版)
1999年第二期(总51期)

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»
1999-يىل 2-سان(ئومۇمىي 51-سان)

刊号: ISSN 1007—5836
CN11—1346/B

ژۇرنالنىڭ خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN 1007—5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11—1346/B

公开发行 定价: 3.80 元

ئاشكارا تارقىتىلىدۇ باھاسى: 3.80 يۈەن